
# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

2000 · 3

چېگرا شەھرىدە باھار



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتې-تىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەھەممەت يۈسۈپ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

23 ـ يانۋار ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى تۈرلۈك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.



ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇرۇن قىزغىن سۆھبەتلەشتى.



ۋەكىللەر تۈرلۈك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى

# ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىكى تۆھپىكارلاردىن بولايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش چاقىرىقىغا ئاساسەن، غەربىي قىسىمدىكى بۇ قاقاس زېمىن ھەممە كۆز تىكىدىغان جايغا ئايلاندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلىشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ پائال ياردەم بېرىشى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆز تىكىشى بىلەن، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئىختىساسلىق خادىملار، ماددىي بايلىق، مەبلەغ بايلىقى شىنجاڭغا ئۇزۇلمەي كىرىدۇ. غەربىي قىسمىنى ئېچىش دولقۇنى يېقىندىلا باشلىنىدۇ.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت خەلقىگە تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىز ئەمدى دېگىزدىن، دەريا بويلىرىدىن يىراق بولۇشتەك تەبىئىي ناچار مۇھىتتىن ۋايسىمايدىغان بولدۇق. بىز پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن شىنجاڭلىقلارنىڭ قاقاسلىقلارنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش، چۆل - جەزىرىلەردە يېڭى شەھەر بەرپا قىلىشتەك جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەركەزنىڭ تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇپ، ياخشى پىلانلاپ، تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، چولڭ تۇرلەرنى تۇرغۇزۇپ، چولڭ ئىشلارنى قىلىشىمىز؛ شۇنىڭدەك نۆۋەتتىكى تۇرلۇك ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شەرقىي - جەنۇبىي قىسىم دېڭىز بويلىرىدىكى تور تۇرغۇزۇپ ئېچىشقىمۇ ئوخشىمايدۇ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەشتەك ئېچىش قۇرۇلۇشىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ كۆلىمى زور بولغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، پەن - مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن زور غەيرەت ۋە تەدبىر بولۇش كېرەك. شىنجاڭدەك ئۆزۈندىن بۇيان يېپىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش كېرەك، تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا ئىدىيە، كونا قاراشلارنى قەتئىي سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىشتا پارلاق سەھىپە يارىتىشىمىز لازىم.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ تەرەققىياتتىكى پەرقىنى كىچىكلىتىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى، شۇنداقلا مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي ۋەزىپىدۇر. بۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بېغىشلاش ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە پەخىرلىنەرلىك ئىش. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم. مەيلى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى بولسۇن ياكى دۆلەتنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بولسۇن، 1 - سەپتىكىلەر ياكى ئارقا سەپتىكىلەر بولسۇن، ھەممىيلەن ئۆزلىرىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىشتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى لازىم. مەيلى رەھبىرىي كادىرلار ياكى ئاددىي پۇقرالار بولسۇن، ئېچىۋېتىش قۇرۇلۇشىدا ھەممىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئىپادىلىشى لازىم. كۆپچىلىك بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى لازىم. مۇھىمى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پائال كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىپ، ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بولۇپمۇ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە شىنجاڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، پەن - تېخنىكىدا مەلۇم تەرەققىيات قولغا كەلگەن رايونغا ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قانۇنچىلىق ئارقىلىق يېتەكلەشكە، قېلىپلاشتۇرۇشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大


(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2000 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 204 ـ سان) (20 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل



**ئوبزور**

ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىكى تۆھپىكارلاردىن بولايلى ---------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**مەخسۇس خەۋەر**

ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىپ، كۆرۈشۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى - (4)

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ------------------ (5)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ------ ھامىدىن نىياز (9)

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۈچەيتەيلى ------------ قېيۇم باھاۋۇدۇن (17)

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات يىغىنىدىكى خۇلاسە سۆز -------------------- مەھەممەت ئىسمايىل (22)

**يەرلىك نىزام**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ------------------------------ (24)

**بىلىم كۆزنىكى**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق ----------- (29)

**خىزمەت تەتقىقاتى**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نازارەتچىلىكلا قىلامدۇ؟ -------------- رېن دىيىڭ ۋۇ يۈنشياۋ (39)

**مۇلاھىزە**

ئۆزىنى كۈچەيتىش ھەممە ئىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى -------------------- ئوبۇل مۇھەممەت (40)

**خەلق قۇرۇلتىيى سەپىدە**

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان رەئىس ------------- ئىدرىس قادىر (44)

## تەكشۈرۈش دوكلاتى

قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قانداق بولۇپ رەسمىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قالدى؟ ------------ (46)

## خەۋەرلەر

7 پارچە قىسقا خەۋەر ---------------------------- (48)

## دېلودىن مىسال

مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان 100 مىليون يۈەنلىك باج دېلوسى ------------- لىن شىشاڭ (52)

## دۇنياغا نەزەر

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۈچ ئەرنىڭ كەينىدىكى ئېچىنىشلىق ئۈچ ئايال ---------------- (57)

## تەرمىلەر

ئاۋمېن قانداق بولۇپ قىمار شەھىرى بولۇپ قالغان؟ ------------------------ (60)
جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ --- (61)
دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا مۇھىمى «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» كېرەك ------------ شياك رېندا (62)

## ئەتىرگۈل

ئىككى شېئىر ---------------------------- پ. م. يىلتىز (63)
دېھقان قىسمى ---------------------------- ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى (64)
بولمىسا ---------------------------- راشىدىن ئەرشىدىن (64)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
هەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىپ كۆرۈشۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى

## مۇدىر ھامىدىن نىياز 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشتى



ئاساسىي قانۇنىدا:
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە
بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەن-
سۇپ، خەلقنىڭ دۆلەت ھاكى-
مىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئور-
گىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجى-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدۇر.»
دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇل-
تىيى بەلگىلىك سان، بەلگى-
لىك قۇرۇلما بويىچە دېموكرا-
تىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋەكىللەردىن
تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، ۋەكىللەر ھەر دەرىجىلىك دۆلەت
ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، قا-
نۇنچىلىق جەمئىيىتىدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى دۆ-
لەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىۋاسىتە بەلگىلە-
گۈچىلىرىدۇر ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ بى-
ۋاسىتە قاتناشقۇچىلىرىدۇر. يېڭى تارىخىي دەۋردە،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىل-
لىرى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇ-
رۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
ئاممىا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش؛ ئىس-
لاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش،
ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغ-
داش؛ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەش، خەلق
رايىنى تولۇق ئىنكاس قىلىش، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پا-
راسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەدبىر بەلگى-
لەش تۈزۈلمىسىدە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ۋەكىللەر قانۇنىدا: ۋەكىل «شۇ دەرىجىلىك
ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ،
كۆرۈشكەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى
ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان مەسئۇل خادىم ۋەكىللەرنىڭ
تەكلىپ، تەۋسىيە ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك.»
دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ نوروز ھەسەن قاتارلىق سەككىز ۋەكىلى 1999 ـ
يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى
ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن كۆرۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ
سىلىقىنى يەڭگىللىتىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يەككە،
خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىش ئور-
نىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرى-
سىدا پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بەردى؛ مەملىكەتلىك،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئازاد سۇلتان
قاتارلىق ئون ۋەكىلى 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ
كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەييۇ،
مەمتىمىن زاكىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ
مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى، داۋالىنىش سەھىيە
خىزمىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ۋە
تەكلىپ بەردى؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىن مابۇشېڭ قاتارلىق
ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ ئالتە ۋەكىلى 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ
10 ـ كۈنى ۋالىي مۇھەممەت رەجەپ بىلەن كۆرۈشتى؛
يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يۈ مېيشيۇ
قاتارلىق سەككىز ۋەكىلى 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ
كۈنى ھاكىم ياسىن تۇرسۇن، ناھىيىلىك سوت مەھ-
كىمىسىنىڭ باشلىقى خوجا ئابدۇللا كېرەم، تەپ-
تىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى غۇلامجان بىلەن

(داۋامى 8 ـ بەتتە)

## غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرايلى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز تاھىر ماموت خەۋەر قىلىدۇ : ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن 500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ۋەكىلى شىنجاڭدىكى 17 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە ئۈمىدلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ۋەكىللەر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۆچى بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2000 ـ يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە 2000 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇ بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق ئومۇمىي خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2000 ـ يىللىق ئومۇمىي خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ مۇدىر ھامىدىن نىياز بەرگەن ئاپتونوم خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەھەممەت روزى بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەھەممەت يۈسۈپ بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتى يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1) 1999 ـ يىلى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ؛ 2) 2000 ـ يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ ؛ 3) كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى پۇختا قەدەمدە يۈكسەلدۈرىمىز ؛ 4) شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچىمىزنى ئاشۇرىمىز ؛ 5) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ ، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىمىز ؛ 6) بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىمىز ؛ 7) ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل ، دىيانەتلىك ، ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئوبرازىنى تىرىشىپ يارىتىمىز.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: بۇ يىل

ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، شۇنداقلا 9 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى 2 ـ قەدەملىك ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنىڭ ئاخىرقى يىلى. ئابلەت ئابدۇرېشىت نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە دۇچ كېلىۋاتقان پۇرسەت، پايدىلىق شارائىت ھەمدە پايدىسىز ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كۆزلىمە نىشانى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 125 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، % 7.5 چە ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭكىنى % 2.3، 2 ـ كەسىپنىڭكىنى % 9.8، 3 ـ كەسىپنىڭكىنى % 10 ئاشۇرۇش؛ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالىدىغان مەبلىغىنى 63 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، % 14.5 ئاشۇرۇش؛ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى % 7.2 كۆپەيتىش؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى تىرىشىپ 100 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇش.

بۇ يىل دۆلەتنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا يېڭى قەدەم تاشلاندى. ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، غەربىي قىسىمنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ: يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى كۈچەپ تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىش؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ياخشىلىرىنى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تىرىشىپ زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش؛ دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئۇستۇنلۈككە ئىگە بايلىقنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تىرىشىپ بازار تېپىش؛ شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت.

ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى پۇختا قەدەمدە يۈكسەلدۈرىمىز؛ 1) يېزىلاردىكى كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىمىز؛ 2) دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى ئاشۇرىمىز؛ 3) ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىمىز؛ 4) ئىستېمال ئېھتىياجىنى پائال ئاشۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا بازارلىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىمىز؛ 5) مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز؛ 6) ئىشىكنى داۋاملىق ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىپ، ئېكسپورتنى ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىشنى پائال ئاشۇرىمىز؛ 7) ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتتا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچىمىزنى ئاشۇرىمىز. تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىمىز؛ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز؛ مۇھىت ئاسراش، تېرىلغۇ يەرنى

ئاسراش ۋە پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرىمىز.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، سەھىيە ـ تەنتەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز؛ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىمىز؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىمىز؛ خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئامما ئۈچۈن داۋاملىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمىز.

ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتتا يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پۈتۈن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاپتونوم رايون بىر تاختا شاھمات دېگەن ئىدىيىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىمىز. دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويغان تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، بالدۇر تەييارلىق كۆرۈپ، پۇختا ئاساس سېلىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، بىڭتۇەننى تەرەققىي قىلدۇرىمىز ۋە زورايتىمىز.

ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل، دىيانەتلىك، ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئوبرازىنى تىكلەيمىز [original: تىرىشىپ يارىتىمىز]. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مەمۇرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىمىز. ئاممىۋى قاراشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلايمىز. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولغان ھۆكۈمەت ئوبرازىنى ساقلايمىز.

مۇدىر ھامىدىن نىياز خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە مۇنداق دېدى:

دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى يولغا قويۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلماقتا. 8 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى پەيدىنپەي ئاشۇرماقتا، بولۇپمۇ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت ۋە مەدەت بەرمەكتە. غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت شىنجاڭنى تېخىمۇ قوللايدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا زور تارىخىي يۈكسىلىش ۋە تەرەققىيات ھاسىل قىلىدۇ.

مۇدىر ھامىدىن نىياز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بىز جەزمەن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، تارىخىي بۇرچىمىزنى ئاقلاپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىلىك تەلىپى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەلىپى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز؛ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىمىزنى ئەتراپلىق يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشىمىز؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قوغدىشىمىز؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى ... ئىرىقلىق ... [original: بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق]، مەركەزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يولغا قويۇش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشىنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيىتىنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك ھوقۇقلارنى پائال يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ يىل مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشىمىز، قەدەمنى پۇختا تاشلىشىمىز، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تۈزۈلگەن تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش ۋە بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەر مىللەت ۋەكىللىرى چوقۇم خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ياخشى چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەر، مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئەزالار، شۇنداقلا ھەر ساھە زاتلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 4 ـ بەتتە)

كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ھەل قىلىندى. يەنە بەزىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، كۆرۈشۈش ئەمەلىي ئۈنۈم بەردى. ۋەكىللەر ئامما ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى توغرىسىدا دۆلەت ئورگانلىرىغا سەممىي پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشتا پائال رول ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى، ئارزۇسىنى ۋە تەلىپىنى ئىنكاس قىلىشى يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىشىدىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشتىكى يېڭى سىناق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈشى توغرىسىدا مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرىغا ئاممىنىڭ ساداسىنى، ئارزۇسىنى ۋە تەلىپىنى پائال ئىنكاس قىلىپ، تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى؛ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ۋەكىللەر قانۇن بويىچە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىشنى، ۋاقتىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاشنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى نەق مەيداندىلا ھەل قىلىشنى؛ ئەھۋال مۇرەككەپ بولۇپ ۋاقتىنچە ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى ۋەكىللەرگە ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، كۆرۈشۈشنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، زىددىيەتنى پەسەيتىش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئاددىي پۇقرالارنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز

ھامىدىن نىياز





ئاۋمىن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان، ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، جامائەت پىكرى تارماقلىرى، ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى يولداشلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىشىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولدى، بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش. باياتىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى كۆچۈرۈپ تارقاتقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى يەتكۈزۈلۈپ، كۆپچىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدا يېڭى تونۇش ھاسىل قىلدى. ھازىر مەن خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

*بىرىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق تونۇش لازىم*

بۇ يىل ــ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىدىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتكۈل خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ئەگىشىپ ، خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىيات بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدىن ۋە ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، تەشۋىقات شەكلى ۋە سالمىقى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. ئاخبارات ۋاستىلىرى زامانىۋى يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دېلو ۋە قانۇن قاتارلىق مەخسۇس بەت ۋە مەخسۇس پروگراممىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، قانۇننى كونكرېت دېلوغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاش ئارقىلىق قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشنىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بولۇپمۇ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات بارغانسېرى ياخشى ئىشلەندى، تەشۋىقات داغدۇغىسى ۋە خەۋەر قىلىش سۈپىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاخباراتچىلىق قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشى قانۇن ئاساسىي ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈردى، پۈتكۈل جامائەتچىلىكنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولى توغرىسىدىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە خېلى ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ يېتىلىشى ۋە يۈكسىلىشى بارلىق ئاخبارات خادىملىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇ جەھەتتە ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نامىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارغا چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن !

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ئەسلىسەك ۋە يەكۈنلىسەك، نەتىجە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. راستچىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن قاتلامدا چۆگىلەپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ تېخى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەلىپىگە لايىقلىشالىغىنى يوق، ئۇ يەنىلا دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى مول مەزمۇنلۇق ئەمەلىيەتتىن ئارقىدا قالدى. تەشۋىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلمىدى، خەلق قۇ-

رۆلتىيى خىزمىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش دائىرىسى تارراق، يەنە بىر تەشۋىقاتى كۈچلۈك، تەرتىپلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ. خەلق قورۇلتىيى ئادا قىلىدىغان خىزمەت ھوقۇقىغا دائىر كونكرېت خىزمەتلەر ئازراق ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاز، لېكىن بۇنداق خەۋەرلەر يوق ئەمەس. لېكىن ئاساسىي قاتلام خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى خەۋەر يوق دېيەرلىك؛ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قورۇلتىيى مەزگىلىدە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا دائىر خەۋەرلەر خېلى تولۇق، لېكىن يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرى، رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ناھايىتى ئاز. بۇنىڭدىن باشقا، تۈزۈلگەن قانۇن ـ نىزاملار ۋاقتىدا بېسىپ چىقىرىلماي، قانۇن، نىزاملار ۋە قارار، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. يېقىنقى يىللاردىكى مەسىلىلەر بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قورۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى يېتەرلىك تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى، خەلق قورۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويمىغانلىقىنى، بۇنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش شەكلىدە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ زور ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيىدە ئۆزگىرىش قىلىشنى باشلامچى قىلىش كېرەك، ئىدىيىدىكى ئۆزگىرىش توغرا جامائەت پىكرى ۋە تەربىيىدىن ئايرىلمايدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كۆز قارىشى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مۇشۇنداق ئاساستا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش ھەرگىزمۇ بىر كۈندىلا ئىشقا ئاشمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا، مۇھىمى ئادەم تەربىيىلەشتە، دەپ كۆرسەتكەنىدى، باش شۇجى جياڭ زېمىنمۇ: «قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ياخشىلاش، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش — سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پارتىيىنىڭ 2 ـ 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم بايانلىرىدا قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى چوڭقۇر شەرھلەنگەن، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتى ۋە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق يولداشلارغا قارىتا ئېنىق ۋەزىپە ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى شۇنداقلا مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قورۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاكتىپلىقىمىز ۋە تەشەببۇسكارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر، قانۇنغا ئاساسلانمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، ئاز ساندىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە ئەدلىيە خادىملىرىدا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزىدىغان، پارىخورلۇق قىلىپ قانۇننى بۇزىدىغان مەسىلىلەر يەنىلا يۈز بېرىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇن قورالىنى تەتبىقلاپ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئېڭى ناھايىتى ئاجىز، بۇ قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە جىددىي مۇھتاج.

كۆپچىلىك ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق تونۇپ، ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھلىنىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

***ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم***

ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناشتىن ئىبارەت. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەنلىك خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، تۈرلۈك يول، شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، دۆلەتنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشىنى، قانۇنلىشىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىك. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دۆلىتىمىزدە، خەلق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم قانۇن چىقىرىدىغان، ھەم نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئورگان. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى يولغا قويۇشتىكى قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇن نازارەتچىلىكى، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى قاتارلىق تەرەپلەر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلغانلىق دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغانلىق، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تەشۋىق قىلغانلىق بولىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرى مەزمۇنسىز نەرسە ئەمەس، بەلكى جانلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت. ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىمۇ ئاساسلىقى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشنى دەۋر قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم. مۇكەممەل قانۇن — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2010 ـ يىلغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش تەلىپى بويىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىپ، 360 نەچچە قانۇن ۋە قانۇن خاراكتېرلىك قارار چىقاردى. دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمۇ يەرلىك قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تىرىشىپ تېزلىتىپ، 210 نەچچە يەرلىك نىزام ۋە نىزام خاراكتېرلىك قارار چىقاردى. دېمەك، ئاساسلىنىدىغان قانۇن

بولۇش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ھازىرقى ھالقىلىق مەسىلە قانۇننى بىلىش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئالدى بىلەن قانۇن، نىزاملار ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن چىقىرىش خىزمىتى كونكرېت، جانلىق خىزمەت بولۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتكەندە، ئاممىنى بۇ خىزمەتكە كەڭ تۈردە قاتناشتۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن پىكىر ئېلىپ، خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ، ئاممىغا قانۇن ـ نىزامدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي مەزمۇنلارنى بىلدۈرۈپ، ئاممىنىڭ قانۇن ـ نىزامدىكى ئاساسىي روھ ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشىگە قولايلىق ياراتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى قانۇنچىلىق ھەققىدىكى ياخشى تەربىيە. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەر ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلار، مەسىلەن، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىت بېقىشىغا دائىر قانۇن چىقىرىشتا، گېزىتتە ئاشكارا ئېلان قىلىش، پۈتۈن خەلق مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمۇ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىشتا، ئاشكارا مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بۇنى قوللىشىنى ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم. نازارەت قىلىش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەڭ دائىملىق ۋە ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان خىزمىتى بولۇپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق نازارەتچىلىك خىزمەتلىرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئاياغلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللار، مەسىلەن: يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىرلىشىپ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، خام چوتنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىش، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەندى، بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشقا بىر مۇنچە ياخشى ماتېرىيال ھازىرلاپ بەردى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى ئېلىمىزنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىم ئىككى ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى — ئەڭ ئالىي قانۇنىي نوپۇزغا ئىگە نازارەتچىلىك. جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى كەڭ دائىرىلىك، ئاشكارا نازارەتچىلىك. بۇ ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، نازارەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتكىلى، كىشىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرگىلى، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرگىلى ھەمدە خەلق ئاممىسىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە بايقالغان قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش

قىلىشقا ئائىت ياخشى تىپلارنى ۋە قانۇنغا خىلاپ ئېغىر مەسىلىلەرنى ھەمدە مەسئۇلىيىتى بار مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى تاللاپ تۇرۇپ ئاشكارىلاپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ۋەكىللەر دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسى. ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتى تەشۋىق قىلىنمىسا، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىمۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن، بۇ ئادەتتە خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ كوللېكتىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلدە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا يۈرگۈزۈلىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتىنى تەشۋىق قىلغان ۋە خەۋەر قىلغاندا ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە كەڭ كۆلەمدە سۆزلىگەن سۆزلىرى، كۆرسەتكەن تەدبىر چارىلىرى، ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغان ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەتلەرگە باھا بېرىش، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئاممىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەش، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تۆتىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسلىق يولى. يىغىنىنىڭ تەشۋىقات، خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى ياخشىلاش خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشتا، يىغىننىڭ قاچان ئېچىلغانلىقى، كىملەر قاتناشقانلىقى، قايسى قارالمىلار قارالغانلىقى، قانداق نىزام ۋە قارار ماقۇللانغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە، كۆرۈرمەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا خەۋەر بېرىپ قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاممىنى نېمە ئۈچۈن بۇ قارالما قاراپ چىقىلغانلىقى، ماقۇللانغان نىزام ۋە قارارنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى، قانداق چوڭ - چوڭ ئىشلار ھەل قىلىنغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. يىغىننىڭ قاراپ چىقىش ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ۋەكىللەر ۋە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قاراپ چىقىش جەريانىدا بەرگەن ئىجابىي پىكىرلىرىنى ۋە تۈزىتىش تەكلىپلىرىنى ئەينەن خەۋەر قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ۋەكىللەر بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىش مۇھىم، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا پايدىلىق. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ۋەكىللەرگە ئائىت تەشۋىقات، خەۋەر بېرىش ئىشىنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى تەشۋىق قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللانغان نىزام ۋە قارار، بېكىتىملەر كۈچلۈك ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە، بەزىلىرىدە ئېلان قىلىنغان كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. نىزام ۋە قارارلارنىڭ تېزدىن

ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان نىزام، قارارلارنى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش، كەينىگە سۈرىمەسلىك كېرەك.

بەشىنچىدىن، قانۇن، نىزام ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنىڭ ئىجراسى ھەققىدە ئىز قوغلاپ تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ئىشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتى. قانۇن، نىزام ۋە قارار، بېكىتمىلەر تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئىجرا قىلىدۇ. قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى خەلق قۇرۇلتىيى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىدىمۇ ئىز قوغلاپ تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ئىشىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىش كېرەك. ئىز قوغلاپ تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ئىشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى ئوبيېكتىپ، لىللا ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا كۈچلۈك بولمىغان تارماقلارنى قامچىلاپ، قانۇنغا خىلاپ ئېغىر قىلمىشلارنى پاش قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك.

***ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك***

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىمۇ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات جامائەت پىكرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تەشۋىقات تارماقلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىيغا، ئومۇمىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تەشكىلىي جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش پىكرىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھۆججەت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىگى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ نامىدا تارقىتىلىدۇ. جايلار، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلار ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مۇخبىر، تەھرىرلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىشى ۋە ئۇلارنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلىشى، ئۇلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرتىپى ۋە شەكلىنى پىششىق بىلىپ ۋە ئىگىلەپ، تەشۋىق قىلىش، خەۋەر بېرىش سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاساسلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى پارتىيە گېزىت، ژۇرناللىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پائال شارائىت يارىتىپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى مەخسۇس بېتى، مەخسۇس تېمىسى قاتارلىق مۇقىم ستون ياكى پروگراممىلارنى ئېچىپ، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى تەشۋىقاتنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇپ، كونكرېت خىزمەتكە باش كاتىپ ياكى ئىشخانىنىڭ مۇدىرى مەسئۇل بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم كۆرسىتىشى كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ، ئاخبارات ئورۇنلىرىغا پائال خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنى خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىشى ۋە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. تەشۋىق قىلىش، خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەشنى كۈچەيتىپ، دائىمىي كومىتېت قانات يايدۇرغان قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئۇقتۇرۇشى ھەمدە مۇخبىرلارنى ئىمكانقەدەر زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى بىردىنبىر تەشۋىقات بازىسى. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تارقىتىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار ۋە ئالاقىدار تەرەپلەردىكى يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆپچىلىك ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

# خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەش ئېڭىنى كۈچەيتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندى-
كى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىد-
دىكى ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتتى،
ئۇنىڭ سانى ۋە سۈپىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە
ئۆسۈش بولدى. ھەر مىللەت ئاممىسى ئاخبارات ۋاسى-
تىلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىشى، خەۋەر بېرىشى ئارقىلىق
خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي
تۈزۈمگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان
تونۇشىنى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈ-
چەيتتى. لېكىن، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ۋە قولغا
كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز پۈتكۈل ۋەزىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتىغا تېخى يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ. ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
ۋە خەلق ئا-
مىسىنىڭ
بىزگە قويغان
تەلىپىدىن
خېلى يىراق،
نۇرغۇن جە-
ھەتلەردە تې-
خى يېتەر-
سىزلىكلەر-
مۇ بار. بۇن-
دىن كېيىن،
ئاخبارات ئو-
رونلىرى
مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «سوتسىيا-
لىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتى-
يى تۈزۈمىنى تەشۋىق، خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىش
توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل
تەشكىللىشى، يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزىنى
ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەش-
تۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تۆۋەندە ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات -
تەشۋىقات خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش
توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتى-
مەن.

*1. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى*

ئىشلەش كېرەك

بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، سوتسىيالىس-
تىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاج-
لىنىشىغا ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز
مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈ-
زۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتى
تەشۋىقاتىدا زور تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ، بىراق،
خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات، خەۋەر قى-
لىش خىزمىتىدە يۇقىرى قىزغىن بولۇش، تۆۋەن سۇس
بولۇش، قۇرۇلتاي مەزگىلىدە قىزغىن بولۇش، قۇ-
رۇلتاي ئارىلىقىدا سۇس بولۇش ئەھۋالى تېخى ساقلىن-
ماقتا، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب
ئاساسلىقى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق، خەلق قۇرۇل-
تىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىگە
بولغان تونۇشتىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدا.
بۇنداق ئەھۋال خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى دېموك-
راتىيە ـ قانۇنچىلىق ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىنى
تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ،
بۇ بىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى كۈچلۈك قوزغىشى
كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ
سىياسىي تۈزۈمى. يولداش جياڭ زېمىن: «خەلق قۇ-
رۇلتىيى تۈزۈمى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق دې-
موكراتىيە تۈزۈمى»، «سوتسىيالىستىك دېموكراتىڭ
سىياسىي بەرپا قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى خەلق قۇرۇل-
تىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، بىز شۇنى سە-
گەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىس-
تىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى
تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى پارتىيە تەشۋىقاتى-
نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز چوقۇم پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە ئالاقى-
دار بىر يۈرۈش يېتەكچى پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىپ ۋە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكرا-
تىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋى-
قاتى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئاي-
دىڭلاشتۇرۇپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ دېموكراتى-
يە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ۋە ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى
مۇھىم رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، سوت-
سىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇ-
رۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ھەقى-
قىي تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش
جياڭ زېمىننىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى
توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن نەزەرىيىسى
ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات جامائەت
پىكرىنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە
تۈزۈمى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئو-
مۇملۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپا-
لەتلىك قىلىشىمىز؛ بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى،
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى،
ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دائىرىدە پائا-
لىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولۇش رولىنى ياخشى
جارى قىلدۇرۇش كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى
مۇھىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشۋىقات
خىزمىتى فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ،
سىياسىي ئاڭ، مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئومۇملۇق ئېڭىنى
كۈچەيتىپ، «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەي-
پىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» تەلىپى بويىچە، سىياسىي
سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى
ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ سوتسىيالىستىك دې-
موكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە را-
ۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق قۇ-

رۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتى-
نى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك.

**2 . ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ ، خەلق**
**قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى *ئاخبارات ـ تەشۋىقات***
**خىزمىتىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش كېرەك**

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ، ئاخبارات گو-
رۇپپىلىرى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتى-
يى تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ
مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ خىزمەتنى ھە-
قىقىي تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى ، مۇھىم ئىشلار
كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك . مۇھىمى ئىشنى
ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇشتىن باشلاپ، ھەر
يىللىق تەشۋىقات پىلانى ، مۇھىم مەزمۇنى، تەشۋىقات
جەريانىدا ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپلارنى
ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ بېكىتىش ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئەمە-
لىي ئۈنۈمىگە دىققەت قىلىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى
توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ تەش-
ۋىقات خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىر-
گۈزۈپ، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش
، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىش، يېتەكچىلىكنى
كۈچەيتىش كېرەك. تەشۋىقات تارماقلىرى ھەر يىللىق
تەشۋىقات خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، دېموكراتى-
يە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق
قىلىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ ، ئۇنى مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇش
كېرەك. تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئاچقاندا خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى ئاخبا-
رات ـ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلارنى قات-
ناشتۇرۇپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ
فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت پرىنسىپلىرىنى
ئىگىلىتىش كېرەك . دائىم تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك
قىلىپ، ئۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، دېموكراتىيە ـ قا-
نۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قى-
لىش خىزمىتىنىڭ باشتىن ئاخىر پارتىيىنىڭ پۈتكۈل
تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرى-
لىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دە-
رىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ جا-
مائەت پىكىر بازىسى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تىلى،
شۇنداقلا دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىدى-
غان مۇھىم يول. خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخ-
بارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم را-
يوندىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن
مەجبۇرىيىتى . رەھبەرلەرنىڭ ئىش تەقسىماتىنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇپ ، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبا-
رات ـ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس خادىمنى
بېكىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئور-
گىنى ۋە تەشۋىقات تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى
تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ ، خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى خىزمىتى پىكىر يولى، ھەر قايسى
باسقۇچتىكى خىزمەت تەلەپلىرى ۋە خىزمەت مۇھىم
نۇقتىلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، خەۋەر قىلىش پىلانىنى
ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەشۋىقاتنىڭ سۈپىتىنى يە-
نىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخ-
بارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش
كېرەك. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي
جەھەتتە ياخشى، كەسىپكە پىششىق، ئىستىلى دۇرۇس
يولداشلارنى خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات
خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىگە قويۇش ھەمدە بۇ قو-
شۇننىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاخ-
بارات ئورۇنلىرى ئاخبارات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى
كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن ئۆگىنىش، قا-
نۇننى بىلىش، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى تىرى-
شىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. قانۇننى ئىگىلىگەن،
قانۇننى بىلگەندىلا، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق
قۇرۇلتىيى تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، تەربىيىلەش رولى ۋە قايىل

قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئالاقىدار تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان مەخسۇس سەھىپە، مەخسۇس بەت، مەخسۇس نومۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە باشقۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنى كۆپ نۇقتىدىن، كۆپ قاتلام بويىچە، كۆپ شەكىل ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشى ۋە خەۋەر قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ سىياسىيلىقى، نوپۇزى ۋە قانۇن خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، ئاخبارات گېزىت ـ ژۇرناللىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ ۋاقىت، بەت ۋە ئورۇن ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا ماس كېلىشى كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇن، نىزام ۋە قارار، بېكىتمىلەرنى ۋاقتىدا بېسىش ۋە ئاڭلىتىش كېرەك، ئۇلارنى باستۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاخبارات تەشۋىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئاخبارات ۋاسىتىسى ۋە خەۋەر شەكلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈم تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، تۇرمۇشقا، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىن قىلىش ئارقىلىق تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.


***3. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەشۋىقات، خەۋەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك***

بىز دائىم سۈپەت كارخانىنىڭ جېنى دەيمىز، ئوخشاشلا پۈتكۈل تەشۋىقات خىزمىتى جۈملىدىن دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىمۇ ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرى سۈپەت تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى خىزمىتىنىڭ جېنى. نۆۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىدە تەرتىپ خاراكتېرلىك خەۋەر كۆپ، تېپىك خەۋەر ئاز. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇنى ناھايىتى مول ھەم ئىنتايىن چوڭقۇر، چېتىلىش دائىرىسىمۇ پەۋقۇلئاددە كەڭ. ئۇ ھەم دۆلەتنىڭ سىياسىي خاراكتېرى، ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، مەمۇرىي ئورگان، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ پائالىيەتلىرىگە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىيە ئېگى ۋە خوجايىنلىق رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا چېتىلىدۇ ھەم پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا چېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە، باشقا دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، بىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى سىياسىي تۈزۈم يۈكسەكلىكىدە ۋە ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىشىمىز، مەلۇم بىر تەرەپ ياكى مەلۇم بىر نۇقتىنىڭ ئۈستىدىلا توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بىز تەشۋىقاتتا مەلۇم بىر تەرەپ ياكى بىر نۇقتىغىلا

ئەھمىيەت بېرىپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىشقا سەل قارىساق، كىشىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يۈزەكى چۈشىنىشكە ئىگە قىلىپ قويىمىز. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلغاندىلا، بۇ تۈزۈمنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەۋزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى، پۈتۈن جەمئىيەتنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى توغرا، چوڭقۇر تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغاندا، ئاساسىي تېمىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەۋەرنىڭ تەرتىپ خاراكتېرىگە ۋە يەكۈن خاراكتېرىگىلا، مەلۇم قارارنىڭ چىقىرىلغانلىقىنىلا خەۋەر قىلىپ قالماي، بەلكى بۇ قارارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى، بۇ تەدبىرنىڭ دېموكراتىك بەلگىلىنىش جەريانىنى ياخشى، ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە مەۋقەنى يۇقىرىغا قويۇپ، توپ مەقسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاساسىي تېمىنى چوڭقۇر ئىگىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىقات شەكلى جەھەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك يۈكلىمىلەرنى تېپىقلاپ، تەشۋىقات مەزمۇنىنى كېڭەيتىمىز، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - خەۋەرنىڭ ئوقۇشچانلىقى، ئاڭلاشچانلىقى، كۆرۈشچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات - تەشۋىقات شەكلىنى جانلىق، مەزمۇنىنى مول قىلىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. بۇندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ياخشى - ناچار ئىشلەنگەنلىكىگە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار ۋە ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى باھا بېرىدۇ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر باھا بېرىدۇ. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى ئاخبارات ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، بۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىقنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدا ئاخبارات - خەۋەر بېرىشكە قاتنىشىدىغان يولداشلارنىڭ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، تەشۋىقات، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، تەشۋىقات سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات يىغىنىدىكى خۇلاسە سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىل



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى بىرلىكتە ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىق يولداشلار مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى بەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە ئىدىيىۋى قورال بولدى. بىز خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى

ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا 15 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇۋالدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە تىرىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز تەشۋىقات تارماقلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يولداش ھامىدىن نىياز، قېيۇم باھاۋۇدۇننىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئومۇميۈزلۈك يەتكۈزۈشىنى، سۆزىنىڭ روھىغا سىڭىشتۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ياخشىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىنى ھەمدە ماددىمۇماددا ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ گېزىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ۋە شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى مەسئۇللىرىنىڭ سۆزى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇلارمۇ يولداش ھامىدىن نىياز، قېيۇم باھاۋۇدۇننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز بۇنى قىزغىن ئالقىشلايمىز.

مەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى چوقۇم كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ماسلىشىمەن ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، مۇخبىرلارنىڭ مۇخبىرلىق قىلىش خىزمىتىدىكى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئىمكانقەدەر ياردەملىشىپ، پائال تۈردە ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئاسانلىق ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىپ، مۇخبىر ۋە تەھرىرلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇخبىرلىق - تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەۋىيىسى، ساپاسى يۇقىرى ماقالىلەرنى يېزىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىغا تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن.

كېلەر يىلى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان مۇھىم يىل بولىدۇ. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتى ۋە ئۇنى خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش ھامىدىن نىياز، قېيۇم باھاۋۇدۇنلارنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە يېڭى نەتىجە يارىتايلى.

## «ئۇلۇغ ئانا»

ئافرىقىدىكى كامېرون جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن كۆپ بالىلىق ئانىلار مۇسابىقىسىدە 18 ئوغۇل - قىز پەرزەنت كۆرگەن 52 ياشلىق تۇل ئايال ئاننى ئاۋيۆئا كامېرون دۆلىتىنىڭ «2000 - يىللىق ئانىسى» نامىغا ئېرىشكەن.

ئاننى ئاۋيۆئا ھازىرغىچە ئاكىنو دېگەن يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ 200 دىن ئارتۇق نامزاتلار ئىچىدىن تاللانغان بولۇپ، بۇ نامزاتلارنىڭ ئەڭ ئاز تۇغقىنىنىڭ 10 دىن بالىسى بار ئىكەن. 2 - دەرىجىگە ئېرىشكەن باشقا ئۈچ ئايالنىڭ 16 دىن بالىسى بار ئىكەن.

بۇ مۇسابىقىنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بىرى: بۇ پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇشتا، ئانىلار مەسخىرە قىلىنىۋاتقان دەۋردە ئانىلارنى مەدھىيىلەش مەقسەت قىلىنغان، دېگەن.

بۇ ئافرىقىدىكى كامېرون دۆلىتىنىڭ يېڭى مىڭ يىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر ئىكەن.

سەمەت دۇگايلى تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 - 4828065

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى (9 —17 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**
**1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى**

**1 ـ ماددا** بۇ چارە ئارخىپنى باشقۇرۇش ۋە توپلاش ـ رەتلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارخىپنى ئۈنۈملۈك ئاسراپ ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار (تۆۋەندە ئورۇنلار دېيىلىدۇ) ۋە شەخسلەر بۇ چارىگە رىئايە قىلىشى لازىم.

**3 ـ ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ئارخىپ بولۇنقى ۋە ھازىرقى دۆلەت ئاپپاراتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە بىۋاسىتە شەكىللەنگەن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ھەر خىل يېزىق، جەدۋەل ـ سىخېما، ئۈن ـ سىن قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئارخىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئارخىپ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ئارخىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئارخىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا كېتىدىغان خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئارخىپنى ئاسراش مەجبۇرىيىتى بار.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىدە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، ئارخىپنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە بىخەتەرلىكى قوغدىلىدۇ،

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئارخىپتىن پايدىلىنىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ.

6 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەتكە مۇھىم، قىممەتلىك ئارخىپ تەقدىم قىلغان ياكى ئارخىپ خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

7 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە بىر تۇتاش پىلانلايدۇ، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ، نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە شەھەرلەردىكى مەھەللە باشقارمىلىرى ئۆز تارمىقىنىڭ ئارخىپىنى باشقۇرۇشقا خادىم بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ۋە كەنت ئاھالە (شەھەر ئاھالە) كومىتېتلىرىنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

8 ـ ماددا ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتى ياكى ئارخىپ خادىملىرى ئۆز ئورنىنىڭ ئارخىپىنى باشقۇرىدۇ ھەم ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

9 ـ ماددا ئومۇمىي ئارخىپخانا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايون بويىچە تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ مەخسۇس ئارخىپخانا تەسىس قىلىشنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىقلايدۇ ھەم بىر دەرىجە يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ تارماقلار ئارخىپخانىسى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەكشۈرۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئارخىپخانا تەسىس قىلسا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تىزىملىتىپ، شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

10 ـ ماددا ئومۇمىي ئارخىپخانا شۇ جايدىكى تۈرلۈك ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە مەركەزلىك ساقلايدۇ ھەم ئۇنى جەمئىيەتنىڭ كەڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ؛ مەخسۇس ئارخىپخانا مەلۇم ساھە ياكى ئالاھىدە ۋاستىلىك ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ؛ تارماقلار ئارخىپخانىسى شۇ تارماق ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلار شەكىللەندۈرگەن ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ئۇزاققىچە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى مەلۇم دائىرىدە پايدىلىنىشقا بېرىدۇ؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئارخىپخانىسى شۇ ئورۇن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلار شەكىللەندۈرگەن ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى مەلۇم دائىرىدە پايدىلىنىشقا بېرىدۇ.

11 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى ئارخىپلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى سەپلىشى لازىم.

12 ـ ماددا ئارخىپ خادىملىرى خىزمىتىگە سادىق بولۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قەرەللىك تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئېلىشى لازىم.

13 ـ ماددا ئارخىپ بېكىتىش، باھالاش ۋە مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىش كېرەك.

14 ـ ماددا ئارخىپ ئىگىدارلىق ھوقۇقى شۇ ئارخىپنى شەكىللەندۈرگۈچى ئورۇننىڭ مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئارخىپنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى

دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولمىغان ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۈلكى بىلەن شەكىللەندۈرگەن ئارخىپى شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ بېكىتىشى بىلەن دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

شەخسلەرنىڭ ۋەزىپە سىرتىدىكى پائالىيەتلەردە شەكىللەندۈرگەن ئارخىپى ياكى ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيە قوبۇل قىلىش قاتارلىق قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئېرىشكەن ئارخىپى ئۆز ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى كاتىبات تارمىقى ياكى كەسپىي تارماق توپلاپ، رەتلەپ جىلد قىلىپ، شۇ ئورۇننىڭ ئارخىپ خىزمىتى ئاپپاراتى ياكى ئارخىپ خادىملىرىنىڭ يىغىپ باشقۇرۇشىغا قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپلاشتۇرۇشنى رەت قىلىشىغا ياكى ئارخىپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل ـ يېزىقتىكى ھۆججەتلەرنىڭ رەسمىي نۇسخىسى، بېكىتىلگەن ئورگىنالى تەڭ ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ:

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئارخىپلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن ماتېرىياللارنى ئۆز مەيلىچە ئارخىپلاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

**16 ـ ماددا** ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتى بولغان ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى نۇقتىلىق توپلاپ ساقلاش كېرەك.

**17 ـ ماددا** پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىسى، سىناق مەھسۇلات، ئاساسىي قۇرۇلۇش ياكى باشقا تېخنىكا تۈرىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، دەسلەپكى ئارخىپ ماتېرىيالىنى ساقلاپ قويۇش ھەم ئارخىپلاشتۇرۇش لازىم.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە مۇھىم پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات تۈرىگە دائىر ئارخىپلارنى تەڭ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئالاقىدار كەسپىي مەسئۇل تارماق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى ياكى دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرىدىن قوشۇۋېتىلگەن، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن، ئىجارىگە بېرىلگەن، سېتىۋېتىلگەن، ۋەيران بولغانلىرىنىڭ ئارخىپىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئارخىپنىڭ مۇكەممەللىكىگە، بىخەتەرلىكىگە ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرت.

**18 ـ ماددا** ئورۇنلار ئارخىپنى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى لازىم:

(1) ئاپتونوم رايونلۇق ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ 20 يىل توشقاندا ئاپتونوم رايونلۇق ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم؛

(2) ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ 10 يىل توشقاندا ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم؛

(3) مەخسۇس ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل توشقاندا مەخسۇس ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم. قانۇن، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە، شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم.

**19 ـ ماددا** ئارخىپخانىلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتى ئارخىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئور-

نىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساقلاش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسكىلات ۋە ئەسلىھەلەرنى سېلىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئارخىپلارنى رەتلىشى ۋە ساقلىشى، مۇھىم، قىممەتلىك ئارخىپلارنى ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ ئاسرىشى لازىم.

**20 - ماددا** ئورۇن ياكى شەخسنىڭ شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن، خەۋپكە ياكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ئارخىپلار تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

(1) ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن ئالاقىدار ئارخىپخانىلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ؛

(2) كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلارنى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بەلگىلىگەن ئارخىپخانا ۋاكالىتەن ساقلىسا بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا سېتىۋالسا ياكى ھەقلىق يىغىۋالسا بولىدۇ.

**21 - ماددا** ئارخىپنى ساقلاش مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىپ كۆيدۈرۈشكە توغرا كەلسە، دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە باھالاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە كۆيدۈرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**22 - ماددا** دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى ھەدىيە قىلىشقا، ئالماشتۇرۇشقا، سېتىشقا بولمايدۇ. كۆپەيتىلمىسىنى ھەدىيە قىلىشقا، ئالماشتۇرۇشقا، سېتىشقا توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**23 - ماددا** كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ئارخىپ ئىگىدارلىرى دۆلەت ئارخىپخانىسىغا تەقدىم قىلسا، ساقلاشقا بەرسە ياكى سېتىپ بەرسە بولىدۇ. ئارخىپنى دۆلەت ئارخىپخانىسىدىن باشقا ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا سېتىپ بېرىش ئىشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**24 - ماددا** دۆلەت ياكى كوللېكتىپ، شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئەمما دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتى بولغان ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ۋە ئۇنىڭ كۆپەيتىلمىسىنى چېگرا سىرتىغا ئېلىپ چىقىش، توشۇش، پوچتىدىن ئەۋەتىشكە توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش شەرت.

**25 - ماددا** ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانا ۋە مەخسۇس ئارخىپخانىلار ئارخىپلارنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە جەمئىيەتكە ئاشكارىلىشى، ئاشكارىلايدىغان ئارخىپلارنىڭ كاتالوگىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇشى ھەم ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئارخىپخانىلار ساقلاشقا بېرىلگەن ئارخىپلارنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىشتە، ساقلاشقا بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

**26 - ماددا** ئورۇن ۋە شەخسلەر ئاشكارىلانغان ئارخىپلاردىن پايدىلىنىشتا قانۇنلۇق ئىسپاتىنى كۆرسىتىشى لازىم؛ ئاشكارىلانمىغان ئارخىپلار ۋە باشقا ئورۇنلار ساقلاۋاتقان ئارخىپلاردىن پايدىلىنىشتا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىش شەرت.

ئارخىپتىن پايدىلانغاندا، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆزگەرتىشى، ياسىۋېلىشى، بۇزۇۋېتىشى ۋە يىتتۈرۈپ قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئاشكارىلانمىغان ئارخىپتىن پايدىلانغاندا ئارخىپ مەزمۇنىنى ئۆز مەيلىچە كۆچۈرۈۋېلىش، كۆپەيتىۋېلىش ياكى ئاشكارىلاپ قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

**27 - ماددا** ئارخىپخانىلار مۇھىم، قىممەتلىك ئارخىپلارنى پايدىلىنىشقا بېرىشتە ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ئورنىغا كۆپەيتىلمىسىنى بېرىشى كېرەك.

ئارخىپ ساقلاش ئورنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئارخىپنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**28 - ماددا** ئارخىپخانىلار ئارخىپنى پايدىلىنىشقا بەرگەندە ۋە مەسلىھەتچىلىك قىلغاندا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ھەق

ئالىدۇ.

ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، تەقدىم قىلغان، ساقلاشقا بەرگەن ئارخىپلاردىن پايدىلانسا، ئارخىپخانىلار ھەق ئالماسلىقى كېرەك.

**29 - ماددا** دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلاردىن ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىنى ئارخىپخانا ئېلان قىلىدۇ؛ ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتىدا ساقلىنىۋاتقانلىرى شۇ ئورۇن ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلارنى ئارخىپ ئىگىلىرى ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىشى شەرت، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشقا، باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

ساقلاشقا بېرىلگەن ئارخىپلارنى ئېلان قىلىشتا ساقلاشقا بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**30 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ئارخىپلارنى تەتقىق قىلىپ رەتلەشنى كۈچەيتىپ، ئارخىپ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىپ، ئارخىپنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئارخىپ تەتقىقاتچىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئارخىپ تەتقىقاتچىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

**31 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 21 -، 25 -، 26 -، 29 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە كۆيدۈرۈۋەتكەن، پايدىلىنىشقا بەرگەن، كۆچۈرۈۋالغان، ئېلان قىلغان، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى بۇزۇۋەتكەن، يىتتۈرۈپ قويغان، ئارخىپنى ئۆزگەرتكەن، ياسىۋالغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئورۇنغا قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**32 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 22 -، 23 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئارخىپنىڭ كۆپەيتىلمىسىنى ئۆز مەيلىچە تەقدىم قىلغان، ئالماشتۇرغان، ساتقان، ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ھايىنىغا ساتقان ياكى چەت ئەللىككە ساتقان، تەقدىم قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئورۇنغا قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ سېتىۋېتىلگەن ياكى تەقدىم قىلىنغان ئارخىپ قانۇن بويىچە ھەقلىق يىغىۋېلىنسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**33 - ماددا** قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئارخىپ مەمۇرىي خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**34 - ماددا** بۇ چارىگە خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، مەسئۇل تارماق بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ياكى بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**35 - ماددا** بۇ چارە 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا)

**12 . ۋەكىللەر ئەسلى سايلانغان ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، يېڭى خىزمەت ئورنى جايلاشقان ئورۇندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشسا بولامدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ ، ئەسلى سايلانغان جايدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرگە يۆتكەلسە، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ . ئەسلى سايلانغان ئورنىدىن يۆتكەلگەن ۋەكىللەر قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ئومۇمەن، ئەسلى سايلانغان ئورۇندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئەگەر ۋەكىل يېڭى خىزمەت ئورنى جايلاشقان ئورۇندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىسا، ۋەكىل ئەسلى سايلانغان ئورۇندىكى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تارماقلىرىغا تەلەپ قويسا بولىدۇ. بۇ تارماق شۇ ۋەكىلنىڭ هازىر خىزمەت قىلىۋاتقان ئورنى جايلاشقان ئورۇندىكى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تارماقلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈختىگە مەلۇم قىلىپ، شۇ ۋەكىلنىڭ هازىر خىزمەت قىلىۋاتقان ئورنى جايلاشقان ئورۇندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. لېكىن، شۇ ۋەكىلنىڭ سانى يەنىلا ئەسلى سايلانغان ئورنىدا تۇرۇۋېرىدۇ.

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كۆچۈپ كەتسە ياكى شۇ مەمۇرىي رايوندىن يۆتكىلىپ كەتسە ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولۇشتىن قېلىپ، ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

**13 . تەييارلىق يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قايسىلار؟**

ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەييارلىق يىغىنى، ئادەتتە ، قۇرۇلتاي رەسمىي ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، بارلىق ۋەكىللەر قاتنىشىدۇ.

تەييارلىق يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: شۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ هەيئەت رىياسەتچىلىرى ۋە باش كاتىپىنى سايلاش، شۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ قارارلىرى ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى ماقۇللاشتىن ئىبارەت.

هەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا ئالدىنقى نۆۋەتلىك شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

تەييارلىق يىغىنى مەخسۇس قۇرۇلتاي ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغان يىغىن بولغاچقا ، قۇرۇلتايغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدىلا قارار چىقىرىدۇ، قۇرۇلتايغا تەۋە ئىشلاردىن باشقا ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقارمايدۇ.

**14 . قۇرۇلتاي هەيئەت رىياسەتى قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ، هەيئەت رىياسەت قايسى كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ؟**

قۇرۇلتاي هەيئەت رىياسىتى قۇرۇلتاي يىغىنلىرىغا رەهبەرلىك قىلغۇچى ئورگان بولۇپ ، قۇرۇلتاي يىغىنىغا رەهبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، هەيئەت رىياسىتىنىڭ تەركىبىدىكىلەر شۇ نۆۋەتلىك شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدىن سايلىنىپ تەييارلىق يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتىدۇ.

29

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتلىكنىڭ ئىسىملىك لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىپ پىكىر بېرىشىگە تاپشۇرىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، تەرتىپكە سېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا ۋە سايلام ئارقىلىق ماقۇللاشقا سۇنىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكنىڭ ئەزالىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى؛ (2) ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار؛ (3) مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى؛ (4) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىنىڭ ۋەكىللىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللىرى، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، دىن، مۇھاجىرلار ساھەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى؛ (5) نوپۇسى كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى؛ (6) ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ مەسئۇللىرى.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشتىكى كونكرېت چارىسىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش چارىسىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەيئەت رىياسەتلىكنىڭ ئەزالىرى بولىدۇ.

**15. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى قايسىلار؟**

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى قۇرۇلتاي يىغىنىغا رەھبەرلىك ۋە رىياسەتچىلىك قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇنداپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق فۇنكسىيىسىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

1. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

2) ھەر قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ 1 - يىغىنى تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ: (1) ھەيئەت رىياسەتلىكنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن بىر نەچچىنى سايلاشقا كۆرسىتىدۇ؛ (2) ھەيئەت رىياسەتتىكىلەردىن بىر نەچچىنى ھەر قېتىملىق قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىجرائىي رەئىسى قىلىپ سايلاشقا كۆرسىتىدۇ؛ (3) قۇرۇلتاي مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ نامزاتىنى بېكىتىدۇ؛ (4) قۇرۇلتاي يىغىنلىرىنىڭ كۈنتەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بېكىتىدۇ؛ (5) تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسىنى بېكىتىدۇ؛ (6) ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيە ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئاخىرقى ۋاقىت چېكىنى بېكىتىدۇ؛ (7) قانۇن بويىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغان خادىملاردىن باشقا ئالاقىدار ئورگانلار، تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىشىنى بېكىتىدۇ؛ (8) ھەيئەت رىياسەتلىكنىڭ 1 - يىغىنى بېكىتىشكە تېگىشلىك باشقا ئىشلارنى بېكىتىدۇ.

3) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان دۆلەت ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ

غۇلغۇلا قىلىپ مەسلىھەتلىشىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن كۆپ سانلىق ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن رەسمىي نامزاتنى بېكىتىپ قۇرۇلتاينىڭ بېلەت تاشلاپ سايلىشىغا سۇنىدۇ.

4) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سۇنغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىپ دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇشىنى بېكىتىدۇ. ئاندىن يەنە ھەيئەت رىياسەتنىڭ قاراپ چىققاندىن كېيىنكى قارارىنى قۇرۇلتاينىڭ ئاۋاز بېرىشىگە سۇنىدۇ.

5) بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 30 دىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سۇنغان تەكلىپ لايىھىسىنىڭ قۇرۇلتايدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلگەن - كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى بېكىتىدۇ ياكى ئۇنى ئاۋۋال مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىپ قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشكە بولۇش - بولماسلىق ئۈستىدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تاپشۇرىدۇ. ئاندىن يەنە ئۇنى قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشكە بولۇش - بولماسلىقنى بېكىتىدۇ.

6) ئۈچتىن ئارتۇق ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ياكى ئوندىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش لايىھىسىنى قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

7) بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 30 دىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ گوۋۇيۈەنگە ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا يازما ئوتتۇرىغا قويغان سورۇشتۇرمە لايىھىسىنى سورۇشتۇرمە قوبۇل قىلغۇچى ئورگانغا تاپشۇرۇپ يازما جاۋاب بېرىشنى ياكى سورۇشتۇرمە قوبۇل قىلىدىغان ئورگان رەھبەرلىرىنىڭ ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ يىغىنىدا ھەمدە ئالاقىدار ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ يىغىنىدا ئېغىزچە جاۋاب بېرىشنى بېكىتىدۇ.

8) ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھەلىرىنى قاراپ چىقىشقا تەشكىللەيدۇ. قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىپ، تەكلىپ لايىھىسى ۋە ئالاقىدار دوكلاتلار ھەققىدە چوڭ يىغىندا پىكىر بايان قىلىشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

9) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلىنى قولغا ئېلىش ياكى ۋەكىلگە جىنايى ئىشلار بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇش ھەمدە باشقا كىشىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرى قوللىنىش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى تەستىقلايدۇ.

10) ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ.

2. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

2) ھەر قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 - يىغىنى يۈرگۈزىدىغان خىزمەت ھوقۇقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (1) ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قېتىملىق قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىي رەئىسى بولۇشىنى سايلاشقا كۆرسىتىدۇ؛ (2) يىغىن كۈنتەرتىپلىرىنى بېكىتىدۇ؛ (3) تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسىنى بېكىتىدۇ؛ (4) ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيە لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكىنى بېكىتىدۇ؛ (5) قۇرۇلتاي مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ نامزاتىنى بېكىتىدۇ؛ (6) ھەيئەت رىياسەتنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى بېكىتىشكە تېگىشلىك باشقا ئىشلارنى بېكىتىدۇ

3) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش ھەم مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبەرىي خادىملىرىنى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ھەيئەت رىياسىتى كۆرسەتكەن نامزاتلار ۋە ۋەكىللەر بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلارنى بىرلىكتە بارلىق ۋەكىللەرنىڭ غولغۇلا قىلىشىغا ، مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزاتلار سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سانغا ئۇيغۇن بولسا، ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىسىدىن كېيىن، قانۇن بويىچە بېلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق ساندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ غولغۇلا قىلىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تەييارلىق سايلىمى ئېلىپ بېرىپ، تەييارلىق سايلىمىدا ئېرىشكەن بېلەت سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن، سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان بويىچە رەسمىي نامزات ئىسىملىكىنى تۇرغۇزۇپ سايلام ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

4) ھەيئەت رىياسىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلار، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بەرگەن تەكلىپ لايىھىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىپ دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلتاينىڭ ئاۋازغا قويۇشىغا سۇنۇشىنى بېكىتىدۇ.

5) ئوندىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىنى قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈشكە بولۇش - بولماسلىق پىكرىنى بېكىتىدۇ، ئاندىن ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكىنى بېكىتىدۇ.

6) ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىشقا تەشكىللەيدۇ، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىپ، تەكلىپ لايىھىسى ۋە ئالاقىدار دوكلاتلار ھەققىدە چوڭ يىغىندا پىكىر بايان قىلىشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

7) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار، خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملار، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ ھەمدە ئۇنى قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

8) ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان سورۇشتۇرمە لايىھىسىنى سورۇشتۇرمە قوبۇل قىلغۇچى ئورگاننىڭ ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ يىغىنلىرىدا ئاغزاكى جاۋاب بېرىشىنى ياكى سورۇشتۇرمە قوبۇل قىلغۇچى ئورگاننىڭ يازما جاۋاب بېرىشىنى بېكىتىدۇ، ھەيئەت رىياسىتى زۆرۈر دەپ قارىسا، سورۇشتۇرمە لايىھىسىگە جاۋاب بېرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى يىغىنغا بېسىپ تارقاتسا بولىدۇ.

9) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئېلىش ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە جىنايى ئىشلار بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇش ھەمدە باشقا كىشىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرى قوللىنىش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى تەستىقلايدۇ.

10) ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش تەكلىپى بەرسە بولىدۇ ھەمدە ئۇنى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ.

3. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

2) يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتىدۇ.

3) ھەر قېتىمقى يىغىن قارالمىلىرىنىڭ

لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

4) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىگە ياتىدىغان تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىنى بېكىتىدۇ.

5) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى، بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقلىرىنىڭ نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە ئۇنى ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەكىللەرنىڭ غولغۇلا قىلىشى، مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان نامزاتلار سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سانغا ئۇيغۇن بولسا، قۇرۇلتاينىڭ سايلام ئېلىپ بېرىشىغا سۇنسا بولىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان نامزاتلار سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق ساندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ھەيئەت رىياستى ۋەكىللەرنىڭ غولغۇلا قىلىش، مۇزاكىرە قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىق سايلىمى ئېلىپ بارىدۇ. تەييارلىق سايلىمىدا ئېرىشكەن بېلەتنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك تەرتىپىگە ئاساسەن، سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سانغا قاراپ رەسمىي نامزات تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ قۇرۇلتاينىڭ بېلەت تاشلاپ سايلىشىغا سۇنىدۇ.

6) ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھىسى، سوراشتۇرمە لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش تەرتىپىنى بېكىتىدۇ.

7) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى، بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ ۋە ئۇنى قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

8) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن تەۋسىيە ـ تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى ئالاقىدار ئورگانلار ۋە تەشكىلاتلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەسئۇل بولىدۇ.

9) كېيىنكى قېتىملىق شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**16. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسى قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؟**

قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسى ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى چاقىرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىدۇر. ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى ھەر قېتىملىق قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا كۆرسىتىپ سايلىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**17. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسىدە قايسى ھوقۇقلار بولىدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسىدە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت ھوقۇق بولىدۇ:

1) ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

2) ھەيئەت رىياستىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىگە ياتىدىغان ئىشلار ئۈستىدە ھەيئەت رىياستىگە تەكلىپ بېرىشى ھەمدە يىغىن كۈنتەرتىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قارىتا زۆرۈر تەڭشەش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

3) ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، تەكلىپ لايىھىلىرى ۋە ئالاقىدار دوكلاتلاردىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكىرىنى ئاڭلىسا، مۇزاكىرە ئېلىپ بارسا بولىدۇ ھەمدە مۇزاكىرە ئەھۋالى ۋە پىكىرلەرنى ھەيئەت رىياستىگە دوكلات قىلىدۇ.

4) چوڭ ـ چوڭ مەخسۇس مەسىلىلەر ئۈستىدە، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى كۆرسىتىپ سايلاپ بەرگەن ئالاقىدار ۋەكىللەرنى چاقىرىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بۇ مۇزاكىرىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتۇرۇلۇپ، ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىدۇ، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. دائىمىي رەئىس يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە ئەھۋالىنى ۋە پىكىرلەرنى

هەيئەت رىياسەتكە دوكلات قىلىدۇ.

**18. ۋەكىللەرگە تارقىتىلغان قۇرۇلتايغا قاتنىشىش كىنىشكىسى قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ھەر بىر ۋەكىلگە شۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتنىشىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. كىنىشكا ئۈستىگە ۋەكىلنىڭ ئىسمى، ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى بېسىلغان بولۇپ، ئۇ ۋەكىلنىڭ شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىشتىكى ئىسپات ۋە بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىل يىغىن مەيدانىغا ۋە تۇرالغۇسىغا كىرگەندە، بۇ كىنىشكا ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاقاقلىق بولۇشى كېرەك. بۇ قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدىكى ئامانلىقنى ساقلىغۇچى خادىملار ۋە ئالاقىدار خىزمەت خادىملىرىنىڭ ۋەكىلنى تونۇشى، ۋەكىللەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

قۇرۇلتايغا قاتنىشىش كىنىشكىسى شۇ ۋەكىلنىڭ شۇ قېتىملىق يىغىن مەزگىلىدە ئىشلىتىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا ۋەكىل ئۇنى مۇۋاپىق ئاسرىشى، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى، يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئەگەر يوقىلىپ كەتسە، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى قوغداش تارماقلىرىنىڭ مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، قۇرۇلتاينىڭ بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى ئۈچۈن دەرھال قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا مەلۇم قىلىشى ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى خىزمەت خادىملىرى ئارقىلىق قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا دوكلات قىلىشى لازىم.

**19. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتنىشىشتا قانداق ئىمزا قويىدۇ؟ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسىنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ ئەگەر ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسىنى ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئالاقىدار يىغىنلارغا ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان ۋاقىتتا يىغىن مەيدانىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ۋەكىللەرنىڭ ئىمزا قويۇش ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ. ۋەكىل ئاۋۋال ئاشۇ ئورۇندا يىغىنغا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ ئىمزا قويۇشى كېرەك. ۋەكىل ئىمزا قويغاندا ئىسىم فامىلىسىنى تۈز، ئېنىق، ئوقۇپ بىلگىلى بولىدىغان قىلىپ يېزىشى لازىم. ئىمزا قويۇش ئورنى ۋەكىلنىڭ ئىمزا قويغىنىغا ئاساسەن، يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلنىڭ ئەھۋالى ۋە سانىنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ يىغىننىڭ تەشكىللەش خىزمىتى ۋە قانۇن بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىش، ئاۋازغا قويۇش قاتارلىق ئالاقىدار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئېچىشتىن ئىلگىرى، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى ھەر بىر ۋەكىلگە يىغىنغا قاتنىششقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسى تارقىتىدۇ. ۋەكىل بۇ كارتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كارتىسىنىڭ ئارقا سول بۇرجىكىدىكى نومۇر بىلەن ئۆزىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش كىنىشكا نومۇرى ئوخشاش ياكى ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر ئوخشاش بولمىسا، خىزمەت خادىملىرىغا ئۇقتۇرۇپ ئالماشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزگەندە ۋەكىللەر ئېلېكترونلۇق مەلۇم قىلىش ماشىنىسى ئارقىلىق ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق مەلۇم قىلىش ماشىنىسى يىغىن مەيدانىغا كىرىش ئىشىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ماشىنىنىڭ ئېكرانىدا «ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ» دېگەن خەت كۆرۈنسە، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ۋەكىل ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسىنى ماشىنىنىڭ كارتا ئويۇقچىسىغا سىلىق كىرگۈزىدۇ، ماشىنىنىڭ ئېكرانىدا «ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ بولدىڭىز» دېگەن خەت ۋە مەلۇم قىلىش كارتىسىنىڭ نومۇرى كۆرۈنىدۇ ھەمدە مەلۇم قىلىش كارتىسىنى ئاپتوماتىك قايتۇرۇپ چىقىرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەكىلنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى ئاياقلىشىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى مەلۇم قىلىشتا خاتالىق ـ سەۋەنلىك يۈز بەرسە، مەلۇم قىلىش ماشىنىسى خاتا ـ سەۋەنلىكنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. نەق مەيداندىكى خىزمەت خادىملىرى دەرھال بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەلۇم قىلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىل مەلۇم

قىلىش كارتىسىنى كارتا قىسقۇچقا سېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئاسراپ ساقلىشى، يوقىلىپ كېتىشىنىڭ، قاتلىنىپ سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ياكى پاسكىنا بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

ۋەكىل يىغىن مەيدانىغا كىرىش ئېغىزىدا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا «ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ بولدىڭىز» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان چىراغ يانىدۇ. ۋەكىل يىغىن مەيدانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدىكى «ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ بولدىڭىز» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان چىراغ يانمىسا، بۇ شۇ ۋەكىلنىڭ تېخى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ۋەكىل قايتىدىن يىغىن مەيدانىغا كىرىش ئىشىكىگە بېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسى ئارقىلىق ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى ياكى يىغىنغا قاتنىشىش كىنىشكىسىنىڭ نومۇرىنى نەق مەيداندىكى خىزمەت خادىملىرىغا ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن تولۇقلاپ مەلۇم قىلىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلىشى لازىم.

قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزگەندە، ئەگەر ۋەكىل ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسىنى ئۇنتۇپ قالغان، يىغىن مەيدانىدا تولۇقلاپ مەلۇم قىلىش پۇنكىتى تەسىس قىلىنغان بولسا، ۋەكىل يىغىنغا قاتنىشىش كىنىشكا نومۇرىنى خىزمەت خادىملىرىغا مەلۇم قىلىپ، خىزمەت خادىملىرىنىڭ ۋەكىلگە ۋاكالىتەن تولۇقلاپ مەلۇم قىلىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. قۇرۇلتاي يېپىلغاندا، ۋەكىل ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كارتىسىنى كارتا قىسقۇچقا قىستۇرۇپ، ئولتۇرغان جايىغا قويۇپ قويىدۇ. خىزمەت خادىملىرى كارتىلارنى بىر تۇتاش يىغىۋالىدۇ.

**20. خەلق قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانىدىكى ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇرۇش تەرتىپى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى خەلق چوڭ سارىيىنىڭ چوڭ مۇراسىم زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەييارلىق يىغىنى ئېچىلغاندا، بۇ يىغىندا ھەيئەت رىياسەت ۋە دائىمىي رەئىسلەر تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەنلىكتىن، رەئىس سەھنىسىگە پەقەت كومىتېت باشلىقى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، باش كاتىپنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىدىغان پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەممە باشقا ۋەكىللەر 1 - قەۋەت يىغىن زالىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇنلاردا ئىختىيارى ئولتۇرسا بولىدۇ. قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىن ئاچقاندا، يىغىن زالىدىكى ئولتۇرۇش تەرتىپى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر مەمۇرىي رايونلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەرتىپى بويىچە يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى يانغا تارتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ۋەكىللەر ئىسىم فامىلىسىدىكى خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئالدى قاتاردىن ئارقا قاتارغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ھەر بىر ۋەكىلنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدىكى باراۋەرلىك ئورنىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزگەندە، ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇرۇش تەرتىپىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ چارىسىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار ئۈچۈن كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. ۋەكىل بولمىغانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېلىشىغا بولمايدۇ.

**21. ۋەكىل ھەرىكەت قىلىشتا قىيىنلىدىغان بولسا، يىغىن مەيدانىغا كىرىش ۋە ئولتۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلمىسىمۇ بولامدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە، خەلق چوڭ سارىيىدا ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلگەندە، ۋەكىل ياشتا چوڭ، تېنى ئاجىز، ھەرىكەت قىلىشتا قىيىنلىدىغان بولسا، يىغىن مەيدانىغا كى-

رىشتە ۋە ئولتۇرۇشتا بەلگىلىمە بويىچە قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق
بولىدۇ. ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەرىكەتتە قىي-
نىلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى
قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا ئېيتىپ قويۇشى كې-
رەك. قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى خەلق چوڭ سارى-
يىنىڭ سىچۇەن زالىغا مەخسۇس يېپىق يوللۇق تېلې-
ۋىزور ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، يىغىن مەيدانىغا كىرىشى
قولايسىز بولغان ۋەكىللەر سىچۇەن زالىدا يىغىنىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ يىغىنغا قاتنىشىدۇ.

ئاۋازغا قويىدىغان ئىشلار بولىدىغان ئومۇمىي
يىغىن ئېچىلغاندا، ۋەكىللەر چوقۇم يىغىن مەيدانىغا
كىرىپ ئاۋاز بېرىشى لازىم. قۇرۇلتاي كاتىبات باشقار-
مىسى يىغىن مەيدانىنىڭ سىچۇەن زالىغا يېقىن ئورۇنغا
ئاۋاز بېرىش ماشىنىسى قويۇلغان ئورۇن ئورۇنلاشتۇرغان
بولۇپ، ئۇ مەخسۇس يېشى چوڭ، تېنى ئاجىز، ھەرى-
كەتتە قىينىلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇرۇپ ئاۋاز بې-
رىشىگە لايىقلاشتۇرۇلغان.

## 22. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدىغان تەكلىپ لايىھىلىرى قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؟

قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا،
قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى ھەر قايسى مەخسۇس
كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھ-
كىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەمدە ۋەكىللەر
بىرلىشىپ، قانۇندا بېكىتىلگەن تەرتىپ بويىچە خەلق
قۇرۇلتىيىغا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھو-
قۇقى دائىرىسىگە كىرىدىغان تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويسا بولىدۇ. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىگە تەۋە تەكلىپلەرنى
ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

1. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىنى تەكلىپ
قىلغان ئاساسلىق ئىشلار تەييارلىق يىغىنىنىڭ ماقۇل-
لىشىغا سۇنۇلۇشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى
ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، يىغىن مۇزاكىرە قىلىشىنى
تەكلىپ قىلغان ئاساسلىق ئىشلار ۋە يىغىن قاراپ چە-
قىشى ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان قانۇن، نىزام، نىزام لايى-
ھىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك تەي-
يارلىق مەزمۇنلىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.
قانۇندا بېكىتىلگەن تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئور-
گانلار ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويغۇچى شەخسلەر قانۇندا
بېكىتىلگەن تەرتىپ بويىچە قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقى-
شىغا سۇنماقچى بولغان تەكلىپ لايىھىسىنى شۇ دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تاپشۇ-
رىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان
ئورگانلار ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويغۇچى شەخسلەر تاپ-
شۇرغان تەكلىپ لايىھىسى ۋە قۇرۇلتاي قاراپ چىقىشى
زۆرۈر بولغان ئىشلارغا ئاساسەن، قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ
قارالما لايىھىسىنى (جۈملىدىن يىغىن قارالمىلىرىغا
كىرگۈزۈش تەكلىپ قىلىنغان باشقا تەكلىپ لايىھە-
لىرىنى) ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇرۇلتاي يىغىنى ئېچى-
لىشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان تەييارلىق يىغىنى-
نىڭ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ. تەييارلىق يىغىنى ماقۇل-
لىغان ھامان، بۇ تەكلىپ لايىھىلىرى قۇرۇلتاينىڭ
قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

2. ۋەكىللەرنىڭ يىغىن جەريانىدا قانۇنغا
ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىلىرىنى قۇ-
رۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى
قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى بەلگىلەيدۇ. قۇرۇلتاي
مەزگىلىدە، قۇرۇلتاي بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت چېكى
ئىچىدە، ۋەكىللەر بىرلىشىپ شۇ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىگە كىرىدىغان
تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. ۋەكىللەر
ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىلىرىنى قۇرۇلتاي كا-
تىبات باشقارمىسى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ يى-
غىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكىنى
بېكىتىشىگە ياكى ئاۋۋال ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېت-
لارنىڭ قاراپ چىقىپ، قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىر-
گۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان-
دىن كېيىن، ئاندىن قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ
قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەس-
لىكنى بېكىتىشىگە يوللاپ بېرىدۇ. ھەيئەت رىياسىتى
تەرىپىدىن قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈشكە بې-

كىتىلگەن تەكلىپ لايىھىلىرى قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھىلىرى بولىدۇ. قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزمەسلىك بېكىتىلگەن تەكلىپ لايىھىلىرى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرى دەپ قارىلىپ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى) ئالاقىدار ئورگانلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

**23. ۋەكىللەر يىغىن قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئالاقىدار تەكلىپ لايىھىلىرىگە ۋە دوكلاتلارغا پىكرى بولسا قانداق شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟**

قۇرۇلتاي قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھىلىرىنى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىش خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدىكى ئاساسىي خىزمىتى. ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئالاقىدار تەكلىپ لايىھىلىرىگە ۋە دوكلاتلارغا پىكرى بولسا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە شەكىل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ: 1) ۋەكىل ئۆزى قاتناشقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا تەكلىپ لايىھىلىرىنى ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىققاندا، پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. 2) ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ھاۋالە قىلغان ۋەكىل ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا ياكى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن قاراپ چىققان تەكلىپ لايىھىلىرىگە قارىتا پىكىر بايان قىلسا بولىدۇ. 3) قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىن ئاچقاندا، ۋەكىل ئىش چارىسىدىكى تەرتىپ بويىچە، يىغىندىن ئاۋۋال قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا مەلۇم قىلىپ، تەكلىپ لايىھىلىرىگە ۋە ئالاقىدار دوكلاتلارغا قارىتا پىكرى بارلىقىنى بايان قىلسا بولىدۇ. 4) ۋەكىل تەكلىپ بىلەن سىرتتىن قاتناشقان مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ يىغىنلىرىدا ئالاقىدار تەكلىپ لايىھىلىرى ۋە دوكلاتلارغا چېتىلىدىغان مەخسۇس مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. 5) ۋەكىل ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرى قۇرۇلتايدا چۈشكەن پىكىرلەرنى ئاڭلاشقا ئەۋەتكەن خىزمەت خادىملىرىغا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. چۈشەنمىگەن ياكى ئېنىق ئەمەس دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىغا سوئال قويسا بولىدۇ. بۇ ئورگانلار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىنىغا ئادەم ئەۋەتىپ، سوئاللارغا جاۋاب ياكى ئىزاھات بېرىدۇ. 6) ۋەكىل ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى يازما پىكىر سۈپىتىدە قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

**24. ۋەكىل قۇرۇلتايدىكى سايلام ۋە ئاۋاز بېرىشكە قانداق قاتنىشىدۇ؟**

خەلق ۋەكىلىنىڭ قۇرۇلتاي مەزگىلىدە سايلام ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىشى — ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم قانۇنىي پائالىيەتتۇر. ۋەكىلنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا تاشلىغان ھەر بىر پارچە بېلەتنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى نوقۇللا شۇ ۋەكىلنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ۋە ھېسسىياتى بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە خەلق مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېلەت تاشلاش ھەر بىر ۋەكىلنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىدۇر.

1) ۋەكىل ئەستايىدىل پوزىتسىيە ۋە خەلققە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن قۇرۇلتايدىكى سايلام ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىشى لازىم. خەلق ۋەكىلى خەلق تەرىپىدىن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ئەۋەتىلگەن شەرەپلىك ئەلچى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. ۋەكىلنىڭ قۇرۇلتايدىكى سايلام ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىش جەريانىدىكى تاشلىغان ھەر بىر پارچە بېلەت ۋە كۆتۈرگەن ھەر قېتىملىق قولى قۇرۇلتاي ماقۇللايدىغان ھەر بىر قارار، ھەر بىر بېكىتمىگە نىسبەتەن بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەكىل ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ھەم ئۆز سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ئەسلىدىكى سايلانغان ئورنىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشى، ھەم ئومۇمىي دائىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا مەسىلىلەرنى ئويلاپ، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

2) قۇرۇلتاينىڭ سايلام ۋە ئاۋاز بېرىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ۋە ئۇنى چۈشىنىپ، قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە بېلەت تاشلاش ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىش لازىم. ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش، قۇرۇلتاينىڭ سايلام ۋە ئاۋاز بېرىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ئومۇمەن، ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە ئاۋازغا قويۇش چارىسى ئىشتىن ئاۋۋال ماقۇللىنىپ، قۇرۇلتايدىكى سايلام ئىشى كونكرېت بەلگىلىنىدۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئىشلار شۇنداقلا قۇرۇلتايدا ئاۋازغا قويۇشقا تېگىشلىك كونكرېت ئىشلار ھەمدە سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇشنىڭ كونكرېت تەرتىپ ۋە چارىلىرى بېكىتىلىدۇ. قۇرۇلتاي سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش باسقۇچىغا كىرگەندە، ۋەكىل سايلام ۋە ئاۋاز بېرىش چارىسى، تەرتىپى ۋە تەلەپلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇشى، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن سايلام بېلىتىنى تولدۇرۇشى ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىپ قول كۆتۈرۈشى لازىم.

3) بېلەت تاشلاپ سايلامغا قاتناشقاندا، ۋەكىل بېكىتىلگەن نامزاتقا قوشۇلۇپ بېلەت تاشلىسىمۇ، قارشى تۇرۇپ بېلەت تاشلىسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ بېلەت تاشلىسىمۇ بولىدۇ. قارشى تۇرۇپ تاشلىغان بېلەتكە باشقا كىشىنى كۆرسىتىپ تولدۇرسا بولىدۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ تاشلايدىغان بېلەتكە باشقا كىشىنى كۆرسىتىپ تولدۇرۇشقا بولمايدۇ.

قۇرۇلتايدا قول كۆتۈرۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان نامزاتقا ئاۋاز بەرگەندە، ۋەكىل كۆرسىتىلگەن نامزاتقا قوشۇلسىمۇ، قارشى تۇرسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، باشقا نامزات كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

قۇرۇلتايدا تەكلىپ لايىھىلىرى ئاۋازغا قويۇلغاندا، ۋەكىل ئاۋازغا قويۇلغان تەكلىپنىڭ ماقۇللىنىشىغا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى تۇرۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ ئاۋاز بەرسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

**25 . ۋەكىل مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتنىشالمىغاندا، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن بېلەت تاشلاش ۋە ئاۋاز بېرىشىنى ھاۋالە قىلسا بولامدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىغاندا سايلاش ھوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى يۆرگۈزۈلەش ياكى يۆرگۈزۈلمەسلىك ھەققىدە قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، لېكىن، ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردىن قارىغاندا، ۋەكىل سايلاش ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى باشقا ۋەكىلگە ھاۋالە قىلسا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1) ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى باشقىلارغا خالىغانچە بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ. خەلق ۋەكىلى قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر قايسى سايلام ئورۇنلىرىدا ياكى سايلام رايونىدا سايلىغۇچىلارنىڭ سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ھەر بىر ۋەكىل ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلى سايلام ئورنىدىكى خەلقنىڭ مۇھىم ھاۋالىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. ۋەكىل نوقۇل خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆز سايلام رايونى ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇندىكى خەلقنىڭ پىكرى ۋە تەلەپىنىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ۋەكىلنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى باشقىلار ئۆتىيەلمەيدۇ.

2) قۇرۇلتاينىڭ سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش قائىدىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، بېلەت تاشلاشقا ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ياكى ئاز بولۇشى كېرەك، شۇ ھالدىلا سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسى ئىناۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. دېمەك، ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ھەر قېتىملىق سايلام ياكى ئاۋاز بېرىشتە پەقەت بىر قېتىم بېلەت تاشلاش ياكى بىر قېتىم قول كۆتۈرۈش ھوقۇقىلا بولىدۇ.

3) ۋەكىل مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ بېلەت تاشلاشقا ۋە ئاۋاز بېرىشكە تېگىشلىك تەكلىپ لايىھىسىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋىرى يوق دېگەن سۆز. ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن بېلەت تاشلاپ قويۇشى ياكى ئاۋاز بېرىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلسا، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك پىكرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بۇنداق قىلىش تازا ئەستايىدىللىقمۇ ئەمەس.

(داۋامى بار)

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى

# نازارەتچىلىكلا قىلامدۇ

رېن دېپىڭ ۋۇ يۈنشياۋ

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر ۋاقىت ھۆكۈمەتكە قارىتا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرسە، يىغىن يېپىق مەزگىللىرىدە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە باھالاش قاتارلىق نازارەتچىلىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى روشەن گەۋدىلىنىشى بولۇپ، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش. بۇنداق ئەھۋالدا، بەزىلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنىلا يۈرگۈزىدۇ، دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىمۇ شۇنداق قارايدۇ. بۇنداق قاراش بىر تەرەپلىمىلىك.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 37 ـ ماددىسىدا: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەسلى سايلىغان ئورۇن ياكى سايلىغۇچىلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇ بەلگىلىمە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇن بويىچە ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلىشى ھەم تۈرلۈك ئۇنۇملۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ماسلىشىشى كېرەك.

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگەن نىشانى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىشى كېرەك؛ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە قارارلىرى چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، مۇكەممەل بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەكىللەر ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلسا، ئاممىنىڭ نۇرغۇن، جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىمۇ ۋاقتىدا ھەل بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى خەلق ئارزۇ قىلغان ۋەكىل. ئۇلار سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا كۆۋرۈك ۋە تۈگۈن، ئۇلارنىڭ يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەنگە، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئىلگىرى سۈرۈلۈشىدىكى زۆرۈر شەرت.

ۋەكىللەر ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرگەندە، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قارار، بۇيرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، تەشۋىق قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشى؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى؛ ئۈچىنچىدىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرۇيى ۋە ئوبرازىنى قوغداشتا باشلامچى بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى خىزمەت داۋامىدا ئاممىا ئارىسىدا پەيدا قىلغان خاتا چۈشەنچە ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشى؛ تۆتىنچىدىن، خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

*——«خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 1 ـ دېكابىردىكى سانىدىن*

*تاھىر مامۇت تەرجىمىسى*

*مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم*
*تېلېفون: 61203 ـ 4828065*

# ئۆزىنى كۈچەيتىش ھەممە ئىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى

ئوبۇل مۇھەممەت

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق بەلگە قىلىنغان 20 يىللىق ئىدىيە ئازادلىقى پىلانلىق ئىگىلىك ئورنىغا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىكلىدى. «داشقازان» نى چاقتى. ھەممىلەن ھەممە ئىشتا دۆلەتكە يۆلىنىۋالىدىغان نامۇۋاپىقلىق كەلمەس يەرگە كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى. سوتسىيالىستىك بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسىي رولى روشەن دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان يېڭى ۋە ھەقىقىي ئىقتىسادىي قۇرۇلما ھەقلىق يوسۇندا دەسسىتىلدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ تۈپ ئوبيېكتىپلىقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقەززاسى، بىرى يىقىلسا يەنە بىرى ئىز بېسىپ ئىزدىگەن ئىستىكى ئىدى. بۇ ئىستەكنىڭ رېئاللىششى — روياپقا چىقىشى ئويغانغان كىشىلەرنى ئۆزى ئويلىغىنىدەك بەلكى ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتۈردى. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ دېگەندە: «بازار» ئۇلارنى مۇكاپاتلىدى. ئويغانمىغانلارنى «جازالىدى». ئويغانمىغانلار ئاز نەپكە ئېرىشتى ياكى ئېرىشكەنلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس.

بۇ خىل مەنتىقىلىق مەنە جىمى ئادەمنى ئۆز ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى مۇھاكىمە ـ موتائالىيە قىلىشقا قىستايدىغان ئومۇمىيەت، شۇنىڭدەك دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالارنىڭ ماڭلىيىغا ئېسىلغان زور تەرەققىيات تېمىسى. بۇ زور تېمىنى مۇھاكىمە قىلىشتا كىتابلاردىكى كونسېپسىيەلەشكەن تەييار ئۆلچەملەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغاندا يۈزە، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپلا قالماستىن، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئىدىيە ئازاد بولمىسا كونىلىقنى، خۇراپاتلىقنى چىقىرىپ تاشلىمىسا يېڭى شەيئىلەرنى ئۆز ماھىيىتى بىلەن چۈشەنگىلى، چۈشەندۈرگىلى، توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى، يېڭى ئەھۋالغا ئويغۇنلاشقىلى بولمايدۇ. دېمەك شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جېنى ـ جەۋھىرى بولغان «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيەتنى چۆرىدىگىلى، ئىش ـ پائالىيەتلەرنى مۇشۇ داغدام يولغا سالغىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە، ھەممە ئىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى بولغان ئۆزىنى كۈچەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ بايان قىلىش كېرەككى، كىشىلەر 20 يىللىق ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق داۋامىدا ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە، چەمبەرچەسلىشىشكە، تېز رېتىمغا، رەڭدارلىققا، كۆپ خىللىق، كۆپ قىرلىققا، ھاياتىي كۈچكە يىغىنچاقلىغاندا يەنىلا ئىدىيە ئازادلىققا ئېرىشتى. ئۇچۇر ئىگىلەشكە بۇرالدى. ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، شۇ ئاساستا ئۆزىنى كۈچەيتىشكە يۈزلەندى. بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردە ئېرىشكەنلىرى. بۇنداق ئېرىشىش ھەر ساھە، كەسىپ، ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى ئويغاتتى. ئويغىتىش مەنزىرىسى ئالدى بىلەن يېزىلارنى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈردى. «چىغ چۈرۈق كىيىپ»، «سۆك يەپ» شۈكرى قانائەتتە ياشاپ كەلگەن دېھقانلار «يولۋاسقا قانات چىققان» دەك بىردىنلا سىلكىنىپ، قىسقىغىنە 20 يىلدا «ئادەمدەك» ياشاش شارائىتى ھازىرلىدى. ئۇلار چۈمۈلىدەك جۇغلىنىپ ئېتىزلىقتا تەكرار ھەرىكەت قىلىشتىن ھالقىپ، ئاڭلىق ھالدا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ

كەسىپلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك بەرپا قىلىشقا يۈزلەندى. «يېزا - بازار كارخانىلىرى» دىن ئىبارەت بېيىش ۋاستىسىنى توغرا تاللاپ، سانائەت، سودا - تىجارەت بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، بۇنىڭغا «نان» نى سېتىۋالماسلىقنى قوشۇپ قوش بەرىكەتلىك لىنىيە شەكىللەندۈردى. «3 - كەسىپ» كە يۈزلىنىپ قەيەردە نېمە ئەمگەك بولسا شۇنى قىلىپ پۇل تاپتى. تراكتور، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ مۇلازىمەتچىلىك قىلدى. «سانتانا» سېتىۋېلىپ ئەينەكتەك پاكىز يوللاردا ئۈزۈپ سەيلە قىلغاچ پۇل تاپتى ... يۇقىرىقىلار نامرات دېھقانلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ كۆزى «ئېچىلىپ»، ئۆزىنىڭ نامراتلىقىنى ئالدىن تونۇپ يەتكەن نامرات دېھقانلار ياراتقان كارامەت.

ياش زىيالىيلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك، چوڭ بولدى. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىكىگە قانائەت قىلماي دوكتورلۇق ھەتتا دوكتور ئاشتى قاتارلىق ئوقۇپ ئالىدىغان ئالىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا، تەتقىقات، ئىجادىيەتتە قوشقان، قوشۇۋاتقان نەتىجە - تۆھپىلىرى سانسىز - ساناقسىز.

دۆلەت ئىلكىدىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋە ھەسسىدارلىق پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىچىلار، ھۈنەر - كەسىپتىكىلەر ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچەسلىشىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن ئېچىۋېتىشنى گىرەلەشتۈرۈپ جۇڭگوچە سانائەتلىشىش داغدام يولىنى ئاچتى. كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ توغرا لىنىيىلىك ئايلىنىشىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ، ئىستېمالنى قاندۇرۇشتىن ئىستېمالدىن «مەھسۇلات ئېشىنچە» ۋەزىيىتىنى ياراتتى. بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ناھايىتى تەستە يارىتىدىغان ۋەزىيەت ... ھەققانىي خۇلاسىلىگەندە: دۆلەت ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، تىزگىنلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، كىشىلەرنى ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىشقا قويۇۋەتتى. باي بولۇشنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئارقىلىق قوغدىدى. دۆلەت خەزىنىسىدىن كاپىتال چىقىرىپ مەدەت بەردى. ئالدىن باي بولغانلارنىڭ تىپىك تەجرىبىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، باشقىلارنى تەربىيىلىدى ۋە رىغبەتلەندۈردى. بۇلارنى كومپارتىيىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ پارتىيە قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىلغار ھاكىمىيەتلا قىلالىدى. بۇنىڭدا ئويغانغان ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەجرى بار، ئەلۋەتتە.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مەسىلىلەرنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە كۆزەتكەندە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئىدىيە ئازادلىقى بىر قىسىم كىشىلەرنى تىنچ، تۇرغۇن، جىم، بىكىنمە، ئېزىلگەڭگۈلۈك، ھەممە ئىشتا دۆلەتكە يۆلىنىۋېلىش ... روھىي ھالەتلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ «شېرىن چۈشى» بۇزۇۋېتىلدى. كونكرېتلاشتۇرغاندا، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن. تاغار بايىنىڭ، ئېشەك بايىنىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن، بۇزۇلسا تۈزىمەيمەن» دېگەن ئىلگىرى باسماسلىق، روناق تاپماسلىق روھىي كىشەن چېقىۋېتىلدى. «داشقازان» نىڭ چېقىۋېتىلىشى دەل مۇشۇ «چېقىۋېتىش» نىڭ رېئاللىشىشى ئىدى. بۇ يازغاندا، ئوقۇغاندا يېنىك ئىبارە بولغىنى بىلەن ۋەزنى ئېغىر، چېتىشلىقى كەڭ مەزمۇن. بىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ خىل «چېقىۋېتىش»، «داشقازان» ۋاقتىدا يېتىلگەن سۇنئىي خاراكتېرىنى، مىجەزىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان ياكى ئۆزگەرتىشنى بىلمىگەنلەرگە؛ دۆلەت خەزىنىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ھەممە نەرسىنى ئېھتىياجغا قاراپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرغانلارغا؛ يارامىلىق - يارامسىزلىقىنى ئۆلچەم قىلماي، كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قارىماي ۋەزىپىگە قويۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «تەلەپچى» كادىرلارغا؛ ئىش ئۈنۈمىگە قاراپ ھەق بەرمەسلىكنى، بىلىم، ئىقتىدارغا قارىماي، بەسلىشىش - رىقابەتكە سالماي ھەممىنى «بالام» ئېتىپ بېقىشنى تىلەيدىغان «تىلەمچى» لەرگە تېگىشلىغان «كرىزىس» بولدى. بەس - بەستە ئىگىلىك يارىتىش ۋەزىيىتى «ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگۈچىلەرگە، «شۈكرى» چىلەرگە، ھورۇنلارغا، ئويغانماسلارغا ھەقىقەتەن «كرىزىس» تۇيۇلدى.

ئويغانمىغان دېھقانلار مۇشۇ «كرىزىس» قا پېتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئويغانمىغان

كارخانىچىلار مۇشۇ «كرىزىس» قا پېتىپ كارخانىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ. ئويغانمىغان مەمۇرلار مۇشۇ «كرىزىس» قا پېتىپ ئىش ــ كەسپىنى ئوڭشاپ قىلالمايۋاتىدۇ. ئويغانمىغان ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ «كرىزىس» قا پېتىپ ئاتا ــ ئانىلارنىڭ پۇل ــ دۇنياسىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. ئويغانمىغان باشقۇرغۇچىلارغا ئىشلار تازا «ئوڭ» كەلمەيۋاتىدۇ. بىر قىسىملار «كرىزىس» قا پاتقانلىقتىن، قانۇن بويىچە باشقۇرالمىغانلىقتىن ئۇلارنى شارائىت چەكلەۋاتقاندەك، قول ئاستىدىكىلەر «ھورۇن» دەك، يۇقىرىلار «گەپ ئاڭلىماس» بوپكەتكەندەك، ئۆزى «جاپا» دا قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا. بۇ يارىماس روھ، نادانلىق، خۇراپاتلىق روھ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى جازالايدىغان ئوبيېكت.

يۇقىرىقىلار كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى، دەۋر تەلىپىنى بىلىش، ئاڭلاش، چۈشىنىشتىكى ئىلگىرى ــ كېيىنلىك، ئېگىز ــ پەسلىك، چوڭقۇر ــ تېيىزلىق مەسىلىسى بولۇپ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسىدۇر. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا پارتىيىمىزنىڭ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن مول تەجرىبىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت سىياسەت ۋە تاكتىكىدۇر. ئۇنداقتا، تېخىچە ئويغانمىغان يېڭى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە يېتىلگەن سۈنئىي خاراكتېرىنى، مىجەزىنى، قىلىق ــ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان، ئۆزگەرتىپ ئۆلگۈرمىگەن ياكى ئۆزگەرتىشنى بىلمىگەن كىشىلەردە نېمىلەر كەم؟ ئۇلارنىڭ كەم ــ كەمتۈكلىرى زادى نېمە ۋە نەدە؟ بۇ مەسىلىنى ئانالىز قىلىش ــ چۈشىنىشتە يەنىلا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى كەم**

ئۇلار كەڭ مەنىدىكى «قانۇن» نى چۈشەنسىمۇ، تار مەنىدىكى ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقان، دۆلەت نامىدا ئېلان قىلىنىپ مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇۋاتقان، يۇقىرىلارنىڭ ھوقۇق ــ مەجبۇرىيەتلىرى ماددىلاشتۇرۇپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، كومپارتىيىنىڭ ماددىلاشقان «سىياسىتى» بولغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تەتقىقلاشنى بىلمەيدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مۇنداق ئىككى ئىش بار. بىرى، بىر قىسىم باشقۇرۇلغۇچىلار «جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا خىلاپلىق قىلمىسا، تۇتۇلمىسا، سولانمىسا بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ «قانۇن ئېڭى». يەنە بىرى، بىر قىسىم باشقۇرغۇچىلار ئېڭىدا «پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.» ئۇلار شۇنى بىلسە بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزى ھەممىگە رەھبەرلىك قىلسا بولدى. ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. «پۇتلىكاشاڭ» لارنى قىزىلباشلىق ئوقتۇرۇش بىلەن ئەپلەيدۇ. سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنىمىزدا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر» ئىكەنلىكى ماددىلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلگەنلىكىنى بىلمەسكە سالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۇقىرىلارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيەتلىرى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش چارە ــ تەدبىرلىرى، باشقۇرۇلغۇچىنىڭ، باشقۇرغۇچىنىڭ ھوقۇق ــ مەجبۇرىيەتلىرى ماددىلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلگەن. قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش قاتتىقلىق ياكى يۇمشاقلىق مەسىلىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېنىقلىق مەسىلىسى. باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى جىمى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى «پارتىيە سىياسىتى» دەرىجىسىدىن، «دۆلەت سىياسىتى» دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىك مەسىلىسىدۇر. پارتىيىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى زور ئۈنۈملۈك تەدبىرىدۇر. قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت قۇرۇش سىياسىتىدۇر. شۇڭا، «جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمىسام بولدى» دەيدىغان ھەم «پارتىيە

سىياسىتى بولسىلا كۇپايە» دېيدىغان ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئىككىلىسىلا خاتا. قانۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىرادە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئارزۇسى. «ھۆكۈمران سىنىپ» ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، دۆلەت پۇقرالىرىدىن قانۇنغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىشىغا، ئۆز مەيلىچە زورلۇق قىلىشىغا، ئۆز سىنىپىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىگە يول قويمايدۇ. قانۇن بولغانىكەن ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاشۇ بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**2. بازار رىقابىتى ئېڭى، بىلىم رىقابىتى ئېڭى، تېخنىكا رىقابىتى ئېڭى، ئىشداشلار رىقابىتى ئېڭى كەم ۋە توۋەن**

بۇ يەردە تەكىتلەنگەن، تەشەببۇس قىلىنغان رىقابەت ۋە رىقابەت ئېڭى ئەركىن بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى بىر - بىرىگە ئورا كولايدىغان، بىر - بىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان، باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزى نام - ئابرۇيغا ئېرىشىدىغان ناتوغرا رىقابەت ۋە ناتوغرا رىقابەت ئېڭى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تارىم دەرياسىنىڭ ئالدىنقى دولقۇنى كېيىنكى دولقۇننى باشلىغاندەك، كېيىنكى دولقۇنى ئالدىنقى دولقۇننى ئىلگىرىلەتكەندەك سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، بەس - بەستە ئىگىلىك يارىتىش، ئۆزىنى كۈچەيتىپ باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە، ئۆزىگە بايلىق، شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئۇستۇنلۇككە ئىگە بىر خىل ھەرىكەت مېخانىزمىدۇر. بۇ خىل رىقابەت ئىشداشلار ۋە ساۋاقداشلار رىقابىتىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ساۋاقداشلار رىقابىتىدە ئۈزۈپ چىققانلار پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئەل ئالدىدا، ئاتا - ئانا ئالدىدا يۈزى يورۇق بولىدۇ. جەمئىيەت ئۇنى تاللىۋالىدۇ. ئۈزۈپ چىقالمىغانلار لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ. ئىشداشلار رىبقاتى ئۇ قەدەر «قاتتىق كۆرسەتكۈچ» بولمىسىمۇ جەمئىيەتتە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشداشلاردىن يۆلىنىۋېلىشنى تۈگەتكەنلەر، تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتقانلار، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغانلار، تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپ ئورۇندايدىغان ئىقتىدارلىق تۆھپىكارلار رىقابەت ئېڭى ھازىرلانغانلاردۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇيرۇغاننىلا قىلىدىغانلار، ئىزدەنمەيدىغانلار، تاپشۇرۇۋالغان ئىش - ۋەزىپىنىڭ ئەتراپىدىكى، ئالدى - كەينىدىكى، بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك چېتىشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە باشقا تەرەپلەرنى ئىگىلىمەيدىغانلار. مەسىلەن، «مەن بازارغا بارىمەن، ئېشەكنى ئېلىپ چىق» دېسە، ئېشەكنى بازارغا مىنىپ بارسا نېمىلەر لازىم؟ ھارۋىغا قوشۇپ بارسا نېمىلەر لازىم؟ مانا مۇشۇنداق چېتىشلىق مۇناسىۋەتلەرنى، كېرەكلىك جابدۇقلارنى ئويلىماي، شارائىت ھازىرلىمايلا ئېشەكنى يايداق ھەيدەپ چىقىدىغانلار رىقابەت ئېڭى ھازىرلىمىغانلاردۇر، سۈپەتسىزلەردۇر، يارىماسلاردۇر.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىگنالىدىن قارىغاندا، 21 - ئەسىر رىقابەت دەۋرى، بىلىم دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى، كومپيۇتېر دەۋرىدۇر. ئىلىم - پەن، پەن - تېخنىكا دەۋرىدۇر. رىقابەتتە ئۈزۈپ چىققانلار، ئۆزىنى كۈچەيتكەنلەر تاللىنىپ يايرايدىغان، يارىماسلار شاللىۋېتىلىپ زارلايدىغان دەۋردۇر. دەۋر سىگنالى يىراقتا ئەمەس يېقىندا، ئەتراپىمىزدا ياڭرىماقتا. قۇلىقىمىزغا ياڭراپ، مېڭىمىزغا يېزىلماقتا!

ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىشىمىزنى ئوڭ قىلىپ، كۆكرەك كېرىپ، غۇلاچ يېيىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەيلى.

(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان رەئىس

## —قاغىلىق ناھىيە چاسمىچىت يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى توغرىسىدا

ئىدرىس قادىر

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، باھالاش جەريانىدا، چاسمىچىت يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت ئېلىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئومۇملۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكار ۋە ئىجادچانلىق روھى بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، يېزىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە باشلامچىلىق رول ئوينىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئابلىمىت ئېلى 1967 ـ يىلى يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن بۇيان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، چىپان، توگچى، چاسمىچىت قاتارلىق يېزىلاردا يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چاسمىچىت يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

ئابلىمىت ئېلى يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى بولۇشتەك سىياسىي،قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە خىزمىتى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۈردى. ئۇ بۇ خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، يارباغدا ئۈچ كەنتنى نۇقتا قىلىپ تۇتتى ۋە بۇ كەنتلەردىكى دېھقانلارنى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق، كۆۋرۈكلۈك رولى ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پۈتۈن يېزىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى. يارباغ ئۈچ كەنتنىڭ ئىشلىرىمۇ يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن ئابلىمىت ئېلى پۈتۈن يېزا بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

يېزىلىق پارتكوم ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى پائال قىزغىن قوللىدى. ئۈچ چوڭ بەنزىنى تىلغا ئالغاندا، «يېزىلىق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى، خەلق ھۆكۈمىتى» دېگەن تەرتىپ بويىچە ئاتاشنى قېلىپلاشتۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىگە ئىشخانا لازىمەتلىكلىرى، راسخوت، كىچىك ماشىنا قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن ئېتىبار بەردى. مەخسۇس بىر كادىر ئاجرىتىپ، ئابلىمىت ئېلىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتۈردى. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئېچىلمىغان جەددىي پەيتلەردە يېتەرلىك كادىر ئاجرىتىپ بەردى. ئابلىمىت ئېلىدىن خىزمەتلەر ئۈستىدە پات ـ پات پىكىر ئېلىپ، مەسلىھەت سوراپ تۇردى. ئۇنىڭ پىكىر، كۆز قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۈچ چوڭ بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى پائال ئىلگىرى سۈردى.

يېزىلىق پارتكومىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئابلىمىت ئېلىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش قىزغىنلىقى ۋە ئىرادىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1990 ـ يىلى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىگە رەئىس قويۇلغاندىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خىزمىتىگە ئائىت بارلىق ماتېرىيال، ھۆججەت، دوكلاتلارنى رەتلەپ ئارخىپلاشتۇردى. 12 خىل دەپتەر تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا توشقۇزۇپ ماڭدى. ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 11 ئەزاسىنى قانۇن ـ تۈزۈم گۇرۇپپىسى، ۋەكىللەر خىزمىتى گۇرۇپپىسى، ئىقتىسادىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىجتىمائىي ئىشلار گۇرۇپپىسى قاتارلىق تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىپ تەشكىللەپ، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايرىپ بەردى ھەمدە قارارلىق ھالدا دوكلات ئېلىپ، ۋەزىپە تاپىلاپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىكى قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر، دەپ قاراپ 18 سان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئۇنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالتە نەپەر، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 50 نەپەر ۋەكىلىدىن تەشكىللەنگەن ئالتە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا تارقىتىپ بەردى. ھەر قايسى ۋەكىللەر گۇـ

رۇپپىلىرىنىڭ ئىشخانا، باشقۇرغۇچى، ئۆگىنىش ماتېرىيالى، ئۆگىنىش ۋاقتى، تۈزۈملىرى قاتارلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر بىر گورۇپپىدا ئالتە خىل دەپتەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. گورۇپپا باشلىقلىرى بىلەن ئايدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، خىزمەت، پائالىيەت، ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن دوكلات ئېلىپ، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ گورۇپپا پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. يېزا بويىچە تۆت قارار كۇرس ئېچىپ بارلىق ۋەكىللەرنى تەربىيىلىدى. ئابلىمىت ئېلى بارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئون تۈرلۈك ھوقۇقى، بەش تۈرلۈك مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ئۇلارنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىدى. ئۇ ۋەكىللەرنى ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشقا، قىزىق نۇقتا ۋە ئامما جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنى باشلاپ ۋەكىللەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ ۋە پىكىر تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى.

ئابلىمىت ئېلىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى تۆت قېتىم، يېزا باشلىقى ئالتە قېتىم بارلىق ۋەكىللەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، بىر قېتىم زىياپەت بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەكلىپ، تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 41 پارچە تەكلىپ - تەلەپلەردىن يېزا ئۆز ئالدىغا ھەل قىلالمايدىغان 17 پارچىسىنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ بېرىپ، قالغان 24 پارچىسىنى پارتكوم يىغىنىدا قاراپ چىققاندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇندى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ - تەلەپلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قانۇن ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى يۈرگۈزگەنلىك، قىزغىن قوللىغانلىق، ئاكتىپ مەدەت بەرگەنلىك ۋە يېزىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قىزغىن پوزىتسىيە تۇتتى. مالىيە باشقۇرۇشتا 5000 يۈەنگىچە چىقىمنى يېزا باشلىقى تەستىقلاش، ئۇنىڭدىن يۇقىرى 50 مىڭ يۈەنگىچە بولغان چىقىمنى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى تەستىقلاش تۈزۈمىنى بەلگىلىدى؛ يېزا بويىچە 56 تاختا تۆمۈر دوسكا ياسىتىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى يىلدا ئىككى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارىلاش بىلەن بىللە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە دېھقانلار يىغىنىدا ئوچۇق ئاشكارا دوكلات، ئېلان قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجىدى ھەمدە ھەر خىل چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ياخشى ئىستىل ياراتتى. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئالدىنقى يىلىغا سېلىشتۇرغاندا بۆلتۈر 296 مىڭ 206 يۈەن كېمەيتتى. بۇ نەتىجىلەرنى ئابلىمىت ئېلىنىڭ خىزمەتلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئابلىمىت ئېلى ۋەكىللەرنى ئامما ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە 20 نەپەر ۋەكىل ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلارغا 1000 يۈەن نەق پۇل، 40 ۋەكىل نامرات ئائىلىلەرگە 7500 جىڭ ئاشلىق، 20 كىلوگرام سۇ مېيى، 36 يۇرۇش كىيىم - كېچەك، 150 ئەمگەك كۈچى، 20 ھارۋا ئوتۇن، 15 تىراكتور كۈچى ياردەم قىلدى. دىنىي زات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى مامۇت داۋۇت يارباغ باشلانغۇچ مەكتىپىگە بىر گاز ئوچاق تەقدىم قىلدى. نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 200 دىن ئارتۇق دەپتەر ياردەم قىلدى. ئىككى نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە پۈتكۈل ئوقۇش راسخوتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى تۇرامەت قاسىم ئاياغ چاسىمىچىت كەنتىدىكى بىر يېتىم ئوغۇلنى بېقىۋېلىپ، ياغ زاۋۇتى مەشغۇلاتىنى ئۆگىتىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆيلەپ قويدى. بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئۆستى. خەلق ئاممىسى «ۋەكىللەر بىزنىڭ غېمىمىزنى يېدى، بىز ئۈچۈن سۆزلىدى، بىز ئۈچۈن ئىشلىدى» دېيىشىپ، يۈرەك سۆزلىرىنى ئۇلارغا دەيدىغان بولدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاممىنىڭ پىكىر - تەكلىپ، تەلەپلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە يەنە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمان، چاقىرىقلىرىنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئابلىمىت ئېلى بۆلتۈر يىل ئاخىرىدا ۋەكىللەرنى دېموكراتىك باھالاشنى يولغا قويۇپ، 14 مۇنەۋۋەر ۋەكىل، بىر ئىلغار گورۇپپىنى مۇكاپاتلىدى. يېزا باشلىقى مەھەممەت مەمتىمىن: «رەئىس ئابلىمىت ئېلى يېزىمىزغا نىسبەتەن پېشقەدەم رەھبەر، ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قانۇن ئىزىغا سېلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، توغرا يولغا يېتەكلىدى. شۇڭا، بىز ئۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار. ئۇ بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز» دەپ تەرىپلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 - 4828065

# قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قانداق بولۇپ رەسمىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قالدى؟

ئۈچ يىل بۇرۇنقى بىر قېتىمدا مەلۇم ئورۇن تەشكىللىگەن دېھقانلارنىڭ سېلىقى بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتىم.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن رەھبەرلىك تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «دېھقانلارنىڭ سېلىقى ھە دېسىلا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلە زادى نەدە؟ بۇ قېتىم بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىڭلار. سىلەر ئېلىپ كەلگەن پىكىرلەر بۇنىڭدىن كېيىن سىياسەت تۈزۈشتە ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش جەريانىدا يەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارىماڭلار، تاماق، ياتاقنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىلەر ئۈچۈن مەخسۇس خىراجەت ئاجراتتى.»

بىز سەھەردە H ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق. بېكەتتىن چىقىپ بولغۇچە بىزنى ساقلاپ تۇرغانلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بىزنى ئۆلكە بويىچە ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىكەن. ئالدىنقى ئۈچ كۈندە ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى قاتارلىق مۇھىم رەھبەرلەر بىزگە نۆۋەت بىلەن زىياپەت بەردى. ئاخشاملىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن مول ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۆتىنچى كۈنى گۇرۇپپا باشلىقىمىز ئۆلكە باشلىقىدىن يولىيورۇق سوراشقا ئاران پۇرسەت چىقىرالىدى: «سىزنىڭچە بىز قەيەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولاركىن؟» «× شەھەرنىڭ خىزمەتلىرى خېلى ياخشى ئىشلەندى» دېدى ئۆلكە باشلىقى.

× شەھەردىكى ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئۆلكىدىكىگە ئوخشاشلا بولدى. ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى ئىككى كەنتتە بىر نەچچە دېھقان ئائىلىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى. گۇرۇپپا باشلىقىمىز ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىگەندە مۇنداق دېدى: «بىر قانچە كۈنلۈك تەكشۈرۈشتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، H ئۆلكىسىدە دېھقانلار سېلىقى خىزمىتى ياخشى تۇتۇلغاچقا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بوپتۇ. تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېقىشقا ئەرزىيدىكەن.»

گېزىتخانىدا مەن دېھقانلارنىڭ سېلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى يېزىشقا مەسئۇل ئىدىم. ئاممىدىن كەلگەن خەتلەردىن H ئۆلكىسىدە دېھقانلارنىڭ سېلىقى مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئەگەر تەكشۈرۈش بۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇنداق تەكشۈرگەننىڭ ... مەن ئۆز قاراشلىرىمنى گۇرۇپپا باشلىقىغا ئېيتتىم. ئۇمۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىكەن: ئۇ «بۇ ئۆلكىنىڭ باشلىقى مېنىڭ بۇرۇنقى باشلىقىم...» دېدى. ئۇ كېيىنكى تەكشۈرۈلىدىغان جايلاردا، ئامالىنىڭ بارىچە ئۆلكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ماڭمايلى، دەپ تەكىتلەپ قويدى.

تەكشۈرۈلىدىغان ئىككىنچى ئورۇن H ئۆلكىسىنىڭ B ناھىيىسى ئىدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنتىزام تەكىتلىنىپ ھەرقانداق كىشىنىڭ يەرلىككە ھەرىكىتىمىزنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقى تەلەپ قىلىندى. بىراق بىز B ناھىيىسىدىكى مېھمانخانىغا بېرىپ بولغۇچە ئەھۋالنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مېھمانخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى 20، 30 ياشلىق يىگىتلەر ئىدى. تەكشۈرگۈچىلەردىن بىرەرسى سىرتقا چىقسىلا تىجارەتچىلەردىن بىرى دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. قىسمەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئىكەن.

ناھىيە رەھبەرلىرى تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بولۇپ، L كەنتىگە ئېكسكۇرسىيىگە ماڭدۇق. مېڭىشتىن بۇرۇن ناھىيە رەھبەرلىرى بىزنى ھەربىرىچە پاختىلىق چاپان كىيىۋېلىڭلار. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەكلا سوغۇق، باشقا كىيىملەردىن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

L كەنتى 4000 دىن ئارتۇق نوپۇسى بار چوڭ كەنت ئىدى، دەل تاماق ۋاقتى بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئاندا ــ ساندا ئۇچراپ قالغانلاردىن سورىسىڭىز، ئۇلار دەرھاللا بۇلار تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتتى، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئىشىكى ئوچۇق ئۆيلەرگە كىرىپ سىز سوراپ بولغۇچە، ئۇلار ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ سېلىق مەسىلىسىگە قانداق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، ئاممىنىڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېغىزى ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى.

مەن بىر قانچە غەيرىي «ئارتىست» لار بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولۇپ ماڭدىم. خىلۋەت بىر كوچىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ قاراپ بېقىپلا دەرھال كىرىپ كەتتى. مەن دەرھال بېرىپ ئىشىكنى چېكىۋېدىم، جاۋاب چىقمىدى. بىر مۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن ئايال ھويلىنىڭ يان ئىشىكىدىن كىرىشىمگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ ماڭا كەنت ئورۇنلاشتۇرغان ئۆيلەردىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر كىمكى ھەربىيچە پاختىلىق چاپان كىيگەنلەر بىلەن ئاستىرتىن ئۇچراشسا، كېيىن سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتقانلىقىنى، بۈگۈن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كەنت كادىرلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ دوربۇن بىلەن نازارەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ يەنە بۇلتۇر «ئۈچ قالدۇرۇق، بەشتە تۇتاش بولۇش» تا كەنت بويىچە ھەر بىر ئادەمنىڭ 300 يۈەنگە يېقىن پۇل تاپشۇرغانلىقىنى، بىراق كەنتنىڭ ئۇلارغا، ئەگەر خىزمەت گۇرۇپپىسى سوراپ قالسا 47 يۈەن تاپشۇردۇق دەڭلار، دەپ ئۇقتۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئېتىزىغا ئىككى يىلدىن بۇيان خىمىيە ئوغۇت ئىشلىتەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئايالنىڭ چىرايى تۇيۇقسىز تاتىرىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ ساراي ئۆيگە كىرىپ، دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپلا يىغلاپ كەتتى: «سىرتتا بىرسى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپتۇ». مەن تامنىڭ شورىسىدىن سىرتقا قارىۋېدىم، ئالدىراپ-تېنەپ كېتىۋاتقان ئىككى ئەر، بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بايىقى ئايالنى تونۇيدىكەن، ئۇ ئايال يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرىكەن.

تەكشۈرۈشكە نىسبەتەن بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىشكە يولداشلارنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى. مېھمانخانىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى. مۇزاكىرە تازا قىزىۋاتقاندا، بىرسى ئىشىكنى چەكتى-دە، گۇرۇپپا باشلىقىغا بېيجىڭدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ چاقىرتىلىپ، سىرتقا چىقىپ كىرىشتى. ھەممەيلەن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ ئىش ئاۋازغا قويۇلغاندا، كۆپچىلىك ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. مۇزاكىرە كېچە سائەت 1 گىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسى چىقمىدى.

ئىككىنچى كۈنى قايتا ئاۋازغا قويۇلۇۋېدى، يەنە نەتىجىسى بولمىدى. گۇرۇپپا باشلىقى ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ مۇزاكىرە قىلايلى، بۇ يەرنىڭ شارائىتى بەكلا ناچار ئىكەن، يولداشلار توڭلاپ ئاغرىپ قالمىسۇن، دېدى.

ئۆلكە مەركىزىگە كەلگەندە، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ھاردۇق چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش دېگەندەك ئىشلار يەنە باشلاندى. يولداشلارمۇ ئايرىم-ئايرىم قەۋەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ياتاقلاردا مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بەزى مېھمانلار ئىنتايىن يىراق جايلاردىن كەلگەنىكەن... ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مۇزاكىرە ئىزچىل داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا گۇرۇپپا باشلىقى خۇلاسە چىقاردى: «مەسىلىلەرنى ئۆلكىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرايلى. قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.»

كېيىن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يۇقىرىغا يازغان دوكلاتىنى كۆردۈم. دوكلاتنىڭ 80% قىسمىدا H ئۆلكىسىنىڭ سېلىقنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەنىدى. ئاخىرىسىغىراق ئانچە مۇھىم بولمىغان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە ئىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىنتايىن سۈرلۈك بىر خىزمەت، سېلىقنى يېنىكلىتىش سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ئەگەر قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش مۇشۇنداق رەسمىيەتچىلىك بىلەن تۈگىتىلسە، سېلىقنى يېنىكلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چاتاق چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولامدۇ؟ قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە رەسمىيەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىشقا قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ رېئاللىق بىزگە ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

**«خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 16 - ئاۋغۇست سانىدىن**

**ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم
تېلېفون: 61203 . 4828065

## چاتقال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكلىشى، يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يېزىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمەتلىرىدە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ۋەكىللەرنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇنلارنىڭ تولۇق ئىزچىللىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىن ئالتە قېتىم مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. ئۇندىن باشقا پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىدىن لېكسىيە سۆزلەشكە مەخسۇس ئادەم تەكلىپ قىلىپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا بەش ئورۇندا پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە سۆزلىدى. ھەيئەت رىياسەت يېزىلىق سوت، ساقچىخانا، مائارىپ ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت، ئەدلىيە ئىشخانىسى، يەر باشقۇرۇش پونكىتى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئورمان پونكىتى قاتارلىق تارماقلاردىن مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ قانۇن، نىزاملاردىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

بۇ ھەيئەت رىياسەتى قانۇن نازارەتچىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، كەنت مالىيىسىنى باشقۇرۇش، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلار ھەم ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرگە ئاساسەن خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى. شۇنداقلا فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قانۇن، نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تەكشۈردى. ئۇلار دائىملىق نازارەت قىلىش بىلەن نۇقتىلىق نازارەت قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئاڭلاپ تەكشۈرۈش بىلەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئاۋۋال تەكشۈرۈش، كېيىن دوكلات ئاڭلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىنچىكە نازارەتچىلىك قىلدى.



بۇ ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن، ئويمان كارىز ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىدىن بىر خەنزۇ ۋەكىل بىر قانچە نامرات ئۇيغۇر ئائىلىسىگە 2050 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى، يەنە چوڭ كارىز مەھەللىسىدىكى بىر ۋەكىل قىيىنچىلىقتا قالغان ئائىلىلەرگە 2300 يۈەن نەق پۇل، تۆت تۇياق قوي ياردەم قىلدى. قوش كارىز مەھەللىسىدىكى بىر ۋەكىل كوللېكتىپقا 8500 يۈەن ئۆسۈمسىز ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز بەردى. ئۇندىن باشقا چوڭ كارىز مەھەللىسىدىكى ۋەكىللەر ئاممىنى تەشكىللەپ ئون كىلومېتىر يول ياسىدى.

بۇ ھەيئەت رىياسەتى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماجىرالارنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىپ زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قىزىلبايراق مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ 15 يىلدىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن يەر ماجىراسىنى يېزىدىكى ئالاقىدار ئادەملەرنى تەشكىللەپ مەسىلىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. ئۇندىن باشقا بەشبالا مەھەللىسىدىكى ئىككى ئائىلىنىڭ 13 يىلدىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن يەر ماجىراسىنى يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلدى، يەنە تۆت ھويلا مەھەللىسىدىكى بىر ئائىلىنىڭ سەككىز يىلدىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن ئۆي ماجىراسىنى ھەل قىلدى.

ئەنۋەر مەمەت

※ ※ ※ ※ ※

## توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ يىل «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، جايلارنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتا بالدۇر ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئورگاندىن مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان قاۋۇل كادىرنى ئاجرىتىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلغانلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىش جەريانىدا دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ سىيرىنا قوشۇپ ئىشلەپ جاپادىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلار ۋە ناھىيىگە قاراشلىق مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارغا قايتا ـ قايتا بېرىپ مۇشتەرى قوبۇل قىلدى. يىراق، چەت يېزىلارغا بارغاندا ئىدارە ئۇلارغا قاتناش قورالى ھەل قىلىپ بەردى.

بۇ ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىسىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش سانى بولتۇرقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

**پەرھات بارات**

※ ※ ※ ※ ※

## شۇجىنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن مېھرى ـ شەپقىتى

سەن ئەلنى ئۇلۇغلىساڭ، ئەلمۇ سېنى ئۇلۇغلايدۇ.

يىگىتنىڭ ھۆرمىتى ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل تاپقانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى تاپقان پۇلىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ.

«ئەل قوينى ئىللىق بۆشۈك»، نورغۇن بايلىقلارنى ئەل ئۈچۈن ئاتاپ، ئىنسانپەرۋەرلىك مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتقان ساخاۋەتچىلىرىمىزدىن بىرسى بولغان مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت يېزا باشلىقى، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئەنۋەر مۇھەممەت بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئانا يۇرتىدىكى قېرىنداشلاردىن يېڭى يىل بايرىمى ۋە روزى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سوراش ھەم ئۇلار بىلەن سىرداشىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 3000 يۈەن ئاجرىتىپ، 43 خالتا ئاق ئۇن، 92 كىلوگىرام سۇ مېيى سېتىۋېلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 43 نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەر بىر ئائىلىگە بىر خالتىدىن ئۇن، ئىككى كىلوگىرامدىن سۇ مېيى بېرىپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

ئەنۋەر مۇھەممەت ھال سورىغان 43 ئائىلىدە ئىگە ـ چاقىسىز، قېرى ـ ئاجىزلار ۋە پالەچ، ئەمالار بولۇپ، ئۇلار بۇ مېھرى ـ شەپقەتتىن سۆيۈنگەن ھالدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىپ شۇجىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىشتى.

**ئوسمانجان بارات**

※ ※ ※ ※ ※

## ئۇچتۇرپان ناھىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلىدى

ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 2 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلىدى.

يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى رەھبەرلەر قاتناشقاندىن باشقا يەنە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلاردىن بولۇپ 70 تىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى بىرلىكتە ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى،

مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار ھۆججەتلىرى، مۇدىر ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن شۇجى قېيۇم باھاۋۇدۇننىڭ ئاپتونوم رايون ئاچقان يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار ئۆگىنىلدى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ 1994 - يىلدىكى 1 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمەت يىغىنىدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن تۆت ئىلغار كوللېكتىپ، ئون مۇنەۋۋەر مۇخبىر تەقدىرلىنىپ، شۇندىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى ئەتراپلىق خۇلاسىلەندى ۋە تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. 2000 - يىللىق ۋە ئۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تورسۇن ئىسلام، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى چېن شياۋپىڭ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تورسۇن مامۇت قاتارلىقلار يىغىندا سۆز قىلىپ، قوشقەلەم ھەققى، يىل ئاخىرىدا دەرىجىگە ئايرىپ مۇكاپاتلاشنى خىزمەت نەتىجىسىنى بېكىتىش ئاساسى قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە ئاپتورلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، مۇخبىرلار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقاتىدا مۇھىم نۇقتىنى يىغىنلار يېپىق مەزگىلدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئامما ئارىسىدىكى نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغانلىقىغا قارىتىش، ھەر بىر مۇخبىر ۋە ئاپتور ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارنى ئايدا بىر پارچىدىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئائىت ماقالە - ئەسەر بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇختار داۋۇت

※ ※ ※ ※ ※

## غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر تۈركۈم زاسېداتېللارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى

سوت ئورگانلىرىنىڭ سوتلاش پائالىيىتىنىڭ روشەنلىك دەرىجىسى ۋە سوتلاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، سوتچىلارنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكىنى يەنىمۇ ياخشى قوغداش، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى كۆرسەتكەن 16 نەپەر خەلق زاسېداتېل نامزاتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرتى توشىدىغان 14 كىشىنى زاسېداتېللىققا تەيىنلىدى ھەمدە سوتتا نەق مەيداندا ۋەزىپىسىنى جاكارلىدى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرى زاسېداتېللارغا قارىتا تەلەپ ۋە ئۈمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن زاسېداتېللار ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى سەپلەردىن كەلگەن، بەلگىلىك قانۇن ساۋاتى، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىگە، كەسپىي ئىقتىدارغا، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بىر قەدەر يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرى ئىدى.

مۇھىدىن نەسرىدىن

※ ※ ※ ※ ※

## يوپۇرغا ناھىيىسى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى

بۇ ناھىيە 1997 - يىلدىن بۇيان ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئاياللارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاياللارنى سىياسەت، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 780 ئايال تەشۋىقات تايانچىسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ھەر قايسى كەنت ۋە مەھەللە گۇرۇپپىلىرىدا ئاياللارنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيە ئېلىش شارائىتىنى ھازىرلىدى. ئاياللار ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىز-

مىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 178 ئايالنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى، 46 ئايالنى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپىگە قويدى، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى قاتارلىق خېلى كۆپ ئورۇنلاردا ئايال كادىرلار 1 - قول باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يېزا (بازار) لىق پارتكوم، ھۆكۈمەت بەنزىسى ۋە كەنت ياچېيكا بەنزىسىدە ئايال كادىر بولۇش ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كەنت، مەھەللە گۇرۇپپىلىرىدىكى ئايال كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ئايال ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتى% 20 تىن ئاز بولماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇ ناھىيىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يوشۇرۇن كۈچى جارى قىلدۇرۇلدى.

ئابلىمىت توختى

## خەلق ۋەكىللىرى نامرات ئائىلىلەرگە مېھرى-شەپقەت يەتكۈزدى

پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزا تەۋەسىدىكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئامما ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغانىدى. نەتىجىدە، بۇ يېزىدىكى ۋەكىللەر بولتۇر بىر يىل ئىچىدە يېزا تەۋەسىدىكى نامرات، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە 200 كىلوگىرام ئاشلىق، 1900 يۈەن نەق پۇل، 23 قۇر كىيىم - كېچەك، 1230 يۈەن قىممىتىدە 130 تال ياغاچ، 5000 دانە خىش، 300 باغلام ئوتۇن، 180 كىلوگىرام خىمىيىۋى ئوغۇت ياردەم قىلدى. 31 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن 150 مو يېرىنى تۈزلەپ بەردى.

مەخەت ھامۇللا

> بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
> تاھىر ماموت تېلېفون: 61203 - 4828065

---

(بېشى 62 - بەتتە)

ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھوقۇققا نىسبەتەن مۇكەممەل نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش مېخانىزمىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى، ئەدلىيە ئىشلىرىدا چىرىكلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبتۇر. شۇڭا، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمەتلىرىدە كونكرېت، قېلىپلاشقان مەشغۇلات تەرتىپلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، يەنە مەمۇرىيەت، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى چەكلىگىلى بولمايۋاتىدۇ. مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن، لايىھىسىنى تەييارلاشقا زور كۈچ كەتكەچكە، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر جەريان كېتىدۇ. نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزۈشتىن بۇرۇن، خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، بىر قانچە مەخسۇس تۈردىكى نازارەتچىلىك نىزامى ياكى بەلگىلىمىنى، مەسىلەن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئايرىم دېلولىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، خام چوت تەكشۈرۈش ۋە نازارەت خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قاتارلىقلارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈشى كېرەك. بۇنداق مەخسۇس تۈردىكى نازارەتچىلىك نىزامى ياكى بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

«خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 1 - دېكابىردىكى سانىدىن

تاھىر ماموت تەرجىمىسى

# مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان 100 مىليون يۈەنلىك باج دېلوسى

لىن شىشىڭ

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر پروگراممىسىدا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ نېيجياڭ شەھىرىدە 100 مىليون يۈەنلىك باجغا چېتىلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور جىنايەت شايكىلىرى دېلوسىنىڭ پاش قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نېيجياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان بۇ چوڭ دېلونىڭ كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىر يىپ ئۇچىدىن باشلانغانلىقىنى بىلدىم.

**100 مىليون يۈەنلىك دېلونى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈچ پارچە تالون**

1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۇڭچىڭ شەھىرى شۇاڭچياۋ رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ باج تەكشۈرۈش شۆبە ئىدارىسى نېيجياڭ شەھىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىدا گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار نېيجياڭ شەھىرىگە مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تەكشۈردى، نەتىجىدە، بۇ ئۈچ پارچە تالوننىڭ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نېيجياڭ شياڭخې سودا سارىيىنىڭ شۇاڭچياۋ رايونلۇق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا كېسىپ بەرگەن قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىنىڭ ئەمەلىي تىجارەت كەسپىگە كىرمەيدىغان، ساختىلىق قىلىپ كېسىلگەن 210 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تالون ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېيجياڭ شەھىرى جۇڭچۇ رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسى مەزكۇر شەھەردىكى لۇچاۋ ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى چەكلىك شىركىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى، كەسپىي سودا سوممىسىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇلارغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇلار شياڭخې سودا سارىيى بىلەن لۇچاۋ شىركىتىنى تەكشۈرۈپ، شياڭخې سودا سارىيىنىڭ 13 پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىدىكى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنلىك تاۋارنىڭ ئىسكىلاتتا ساقلاش تالونى يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن، ساختا تالون ھەققىدىكى گۇمان تېخىمۇ كۈچەيدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نېيجياڭ شەھىرى جۇڭچۇ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ 2 ـ بۆلۈمى بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ، رازۋېدكىغا كىرىشىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تەكشۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى شياڭخې سودا سارىيىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى مالياڭگۇاڭنىڭ يەن گۇاڭگۇ ئىسىملىك بىرىيلەن بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى، يەن گۇاڭگۇ دېگەن بۇ كىشىنىڭ ناھايىتى گۇمانلىق دەپ قارىلىۋاتقان لۇچاۋ ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى چەكلىك شىركىتىنى پاناھ تارتىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى. يەن گۇاڭگۇ نېيجياڭدا سودا قىلمايتتى، نام ـ ئاتاق جەھەتتىمۇ يۇقىرىقى ئىككى شىركەتكە تەۋە ئەمەس ئىدى. ساقچىلار ئاستىرتتىن زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، شياڭخې سودا سارىيىنىڭ ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى كېسىش ئىشىنىڭ يەن گۇاڭگۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 11 لەردە، جۇڭچۇ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋمىڭ مەزكۇر دېلونى تەھلىل قىلىش يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا، يەن گۇاڭگۇنىڭ ئەھۋالىنى

توپلاپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنى دېلونىڭ بۇسۇش ئېغىزى قىلىپ، مالىياڭگۇاڭ بىلەن لۇچاۋ ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى چەكلىك شىركىتىدىكى لى شۇچاۋنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىگە ۋاقتىنچە يېقىنلاشماي تۇرۇش قارار قىلىندى.

**ساقچى باشلىقى سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى**

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 لاردا، جۇڭچۇ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ رازۋېدچىكى جياڭ يى قاتارلىقلار پۇقراچە كىيىنىپ، ئىلگىرى لۇچاۋ ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى چەكلىك شىركىتى بىلەن كەسپىي ئالاقە قىلغان مەلۇم شىركەتنى تەكشۈرگىلى باردى. جياڭ يى تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ يالغاندىن ئەھۋال ئىگىلەۋاتقاندا، ئۆيلىمىغان يەردىن سىرتتىن بىرسى سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى: «ساقچى باشلىقى، ياخشىمۇسىز، سىز لى شۇچاۋنى ئىزدەپ كەلدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنى چاقىرغۇ بېرىپ چاقىرىپ كېلەي، ئۇ دېگەن مېنىڭ ياخشى دوستۇم.» جياڭ يى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇنداق چاغدا سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالسا، گۇماندارلىق كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش پىلانى قاراپ تۇرۇپلا يوققا چىقاتتى. ھېلىقى كىشى گېپىنى تۈگىتىپ ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا جياڭ يىنىڭ قولىنى سىقتى. جياڭ يى شۇندىلا خەققە كانىدەك چاپلىشىپلا يۈرىدىغان شياۋفا لەقەملىك بۇ كىشى بىلەن ئىلگىرى بىر قېتىم ئەسرا بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان جياڭ يى ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز يارىشىغىدا گەپ قىلىپ قويدى ـ دە، خىزمەتداشلىرىغا كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق شياۋفاغا ئوبدان قاراپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى دەرھال سىرتقا چىقىپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاۋمىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

ـــ لى شۇچاۋ ھازىر بىزنىڭ ئۇنىڭ شىركىتىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمدۇ؟ ـ سورىدى جاۋمىڭ.

ـــ ھازىر تېخى بىلمەيدۇ.

ـــ بىز ھازىر شياۋفانى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز. لى شۇچاۋغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تېگىش قىلامدۇقكىن؟

ـــ بولىدۇ، سىلەر لى شۇچاۋنى ئالداپ ئېلىپ كېلىڭلار، قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، لى شۇچاۋ ھەرگىز يەن گۇاڭخۇنى چۆچۈتۈپ قويمىسۇن.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 يېرىمدا، جياڭ يى لى شۇچاۋنى تۇيدۇرماستىن جۇڭچۇ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىگە «تەكلىپ» قىلىپ ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر لۇچاۋ شىركىتىدە لى شۇچاۋنىڭ شېرىكى لى جۈنفۇنى مەخپىي قولغا ئالدى. كەچ سائەت 10 لاردا، لى شۇچاۋ بىلەن لى جۈنفۇ ئۆزلىرىنىڭ يەن گۇاڭخۇ يالغاندىن كېسىپ بەرگەن لۇچاۋ ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى چەكلىك شىركىتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىنى ئېلىپ، ئۇنى تور كىرگۈزۈشكە تۇتقۇزلاپ، ئاندىن يەن گۇاڭخۇنى لۇچاۋ شىركىتىنىڭ يالغاندىن نېيجياڭ، چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلارغا كېسىپ بېرىلگەن قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدەك جىنايەت پاكىتىنى ئېقرار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يەن گۇاڭخۇنىڭ «21 ـ ئىيول» باج دېلوسىدىكى رولى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ چىقتى، ئۇ شياڭخې سودا سارىيى بىلەن لۇچاۋ شىركىتىنىڭ يالغاندىن قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىش دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن مىقداردىكى قورۇق قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، يەن گۇاڭخۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە تېخىمۇ چوڭ دېلو بولۇشى مۇمكىن !ئەپسۇسكى، دەل مۇشۇ پەيتتە، يەن گۇاڭخۇ نېيجياڭ شەھىرىدە ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولۇپ كەتتى.

**يەن گۇاڭخۇنىڭ قانۇن تورىغا چۈشۈشى**

يەن گۇاڭخۇنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولۇشى پۈتكۈل رازۋېدكا خىزمىتىنى قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، سوراق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان لى شۇچاۋغا تۇيۇقسىز بىر تېلېفون كەلدى. لى شۇچاۋنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى،

53

ئەسلىدە بۇ تېلېفون يەن گۇاڭگۇدىن كەلگەنىدى. يەن گۇاڭگۇ قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھازىر چۇڭچىڭدا «شېرىن ئاي» ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، بىر ئايدىن بېرى ماۋ ماۋ ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ چۇڭچىڭ 3 ـ لايىھىلەش ئورنى مېھمانخانىسىنىڭ 305 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

لى شۆچاۋ تېلېفوننى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئىچى بىر خىللا بولۇپ قالدى ـ دە، ئىككى سائەتكىچە ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ يەن گۇاڭگۇغا ئۆزلىرىنىڭ نېيجياڭدىكى ئىشىدىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا يەن گۇاڭگۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى مەلۇم قىلىشنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيۋاتاتتى. لېكىن ئۇ بىرەر خىزمەت كۆرسەتمىسە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ئۆزىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. لى شۆچاۋ شۇ كۈنى كەچ سائەت 12 دە ئاخىرى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاۋمىڭغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، جۇڭچىڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى دەرھال قابىل ساقچىلارنى ئاجرىتىپ چۇڭچىڭغا ئەۋەتتى. ئەپسۇسكى، ۋۇۋېي قاتارلىق بەش رازۋېدچىك كېچىلەپ چۇڭچىڭغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئولجىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇ كۈنى كەچتە يەن گۇاڭگۇ ھېلىقى مېھمانخانىغا قايتىپ كەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن رازۋېدچىكلار ئۇلارنىڭ ياتاقىقا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سائەت 5 لەردە رازۋېدچىكلار يىراقتىن ئېگىز ـ پەس دەسسەپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى بايقىدى، پاكارراق كەلگەن بىر ئايال مەست ـ ئەلەس كىشىنى كۆچىنىڭ بېرىچە يۆلەپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە 305 ـ نومۇرلۇق ياتاقا كىرىپ كېتىشتى، رازۋېدچىكلار تاپ باستۇرۇپلا كىرىپ ھېلىقى مەست ئەر كىشىنىڭ قولىغا كويزا سالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئەر كىشىنىڭ دەل يەن گۇاڭگۇ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ساقچىلار ئۇنىڭ يوك ـ تاقلىرى ئارىسىدىن قوشۇلما قىممەت قوروق تالوندىن ئۈچ توپ، تامغىدىن 19 نى تاپتى.. يەن گۇاڭگۇنى سوراق قىلىش خىزمىتى تېزلا باشلاندى. بۇ ھىيلىگەر ئەبلەخ ئۆزىنىڭ لۇچاۋ شىركىتى بىلەن قىلغان سودىسىدىن باشقا ئىشلارنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالدى، ئۇدا ئىككى كۈنلۈك سوراقتا يېڭى ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ساقچى تەرەپ دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يەن گۇاڭگۇ ئېلىپ يۈرگەن قوشۇلما قىممەت بېجى قوروق تالونى ئىچىدىكى بىر نەچچە تالون نومۇرىنىڭ ئۆلكىلىك دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ تېخى تارقاتمىغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنىڭ نومۇرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقتى! ساقچىلار مەخسۇس قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى باسىدىغان بىر شىركەتكە كېلىپ سېلىشتۇرۇپ بېقىشۋىدى، يەن گۇاڭگۇ ئېلىپ يۈرگەن ھەر بىر پارچىسى 10 مىڭ يۈەنلىك قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنىڭ مەزكۇر شىركەتتە بېسىلمىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ يىپ ئۇچى رازۋېدچىكلارنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى مەملىكەت بويىچە پەقەت ئالتىلا زاۋۇت بېسىپ چىقىرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى، باشقۇرۇلۇشىمۇ ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. ئۇنداقتا، بۇ تالونلار زادى نەدىن كەلگەن؟ 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ساقچىلار يەن گۇاڭگۇنى يەنە بىر قېتىم سوراق قىلدى، يەن گۇاڭگۇ خېلى تىركىشىپ بېقىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ چېڭدۇ شەھىرىدىكى ۋاڭ چۈنشى دېگەن بىرسىدىن قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنى 500 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە سېتىۋېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك يېڭى يىپ ئۇچىنى ئىقرار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، دېلو بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

**ۋاڭ چۈنشىنىڭ مالنى ئىشىك ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىشى**

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاۋمىڭ بىلەن بۆلۈم باشلىقى شيې دېسەي قاتارلىق ساقچىلار دەرھال يەن گۇاڭگۇنى ئالدىغا سېلىپ، چېڭدۇ شەھەرلىك تۆمۈريول 2 ـ ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، تويدۇرماستىن تۆمۈريول

مېهمانخانىسىنىڭ 201 ـ نومۇرلۇق ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. يەن گۋاڭۋۇنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ چۈنشىنىڭ ئاچىسىنىڭ يولدىشى جيا زېڭخەي ۋاڭ چۈنشىغا ۋاكالىتەن مۇشۇ يەردە «سودا» قىلىدىكەن. يەن گۋاڭۋۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاۋمىڭنىڭ بېقىنىدا تۇرۇپ ۋاڭ چۈنشىغا ئالتە قېتىم چاقىرغۇ بەردى، ۋاڭ چۈنشى خېلى بىر هازا بولغاندا ئاران تېلېفون قايتۇردى. يەن گۋاڭۋۇ ئۇنىڭ بىلەن ساقچىلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە سۆزلەشتى:

—ۋاڭ ئاكامسۇ؟ مەن يەن گۋاڭۋۇ. كەلگىنىمگە خېلى بولدى، تالون ئالاي دەپ كەلگەنىدىم.

—لاۋيەن، سېنىڭ چاقىرغۇڭ كېلىپلا ئاتىمنى قاچتى، مېنى نەس باستى، قىماردا بەكلا ئۇتتۇرۇۋەتتىم، ساڭا قانچىلىك مال لازىم؟

—چېگىدۇنىڭكىدىن ئىككى توپ، شىئەنىڭكىدىن ئىككى توپ، ھەممىسى 10 مىڭ يۈەنلىكتىن بولسۇن.

—بولىدۇ مەن ھازىرلا بارىمەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دىن 13 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋاڭ چۈنشى جياڭشى تەلەپپۇزىدا سۆزلىنگىنىچە 201 ـ نومۇرلۇق ياتاققا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ساقچىلار ئۇنى كىرىشىگىلا قولغا ئالدى. ساقچىلار غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ كۈنىلا ۋاڭ چۈنشىنىڭ چېگىدۇدىكى يەتتە ئۆيىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ يولدىشى جياڭ زېڭخەينى قولغا چۈشۈردى.

قولغا ئېلىنغان ۋاڭ چۈنشى «قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، ئۇدا ئۈچ كۈن سوراق قىلىنغان بولسىمۇ تۈزۈكرەك بىر نەرسە دەپ بەرمىدى. بۇ جەرياندا، ساقچىلار شياڭخې سودا سارىيىنىڭ قانۇنى ۋەكىلى مالياڭگۋاڭنىمۇ قولغا ئالدى. مالياڭگۋاڭ ئۆزىنىڭ يەن گۋاڭۋۇ سېتىۋالغان قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىدىن پايدىلىنىپ ساختا ئىش قىلغانلىقىنى ھەمدە يەن گۋاڭۋۇنى قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى بىلەن تەمىنلەپ، ئوتتۇرىدىن %1 تىن رەسمىيەت ھەققى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاڭ چۈنشى ئۆزىنىڭ 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ، جياڭسۇلۇق جاڭ لۇڭ، جاڭ خۇيېيڭ، ۋاڭ زېڭلەي، چېن ۋېنياۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەر توپىنى 1100 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە، ھەر بىر پارچىسىنى 200 يۈەندىن 14 توپ يەنە 40 پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى سېتىۋېلىپ، يەن گۋاڭۋۇ، ۋاڭ جۇڭجۇن، خۇڭ ۋېنشېڭ قاتارلىق كىشىلەرگە ساتقانلىقىنى ياكى يالغاندىن كېسىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋاڭ چۈنشى بىلەن ۋاڭ زېڭخەينىڭ قولىدىكى قۇرۇق تالونلارنىڭ ساختا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنداق قىلىپ، دېلو ئەھۋالى ئايدىڭلىشىپ، ساختا تالونلارنىڭ جاڭ لۇڭ، جاڭ خۇيېيڭ قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن «جياڭسۇلۇقلار گورۇھى» نىڭ قولىدىن چىققانلىقى مەلۇم بولدى.


### «جياڭسۇلۇقلار گورۇھى» نىڭ تولۇق تارمار قىلىنىشى

1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋۇۋېي قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن رازۋېدچىكلار گورۇپپىسى چېگىدۇ شىمالىي ۋوگزالىدىكى بىر ئائىلە ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى دۇكىنىدا ۋاڭ خۇڭجۇننى قولغا ئالدى.

ۋاڭ خۇڭجۇن ئۆزىنىڭ 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ ۋاڭ چۈنشىدىن سېتىۋالغان قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە 7 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك ساختا تالون كېسىۋالغانلىقىدەك جىنايەت پاكىتىنى تاپشۇردى.

يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى چېن ۋېنياۋ جياڭسۇدىكى يۇرتىغا قېچىپ بېرىشىغىلا قولغا چۈشتى. ئۇنىڭ چېگىدۇدىكى تۇرالغۇسىدىن 119 پارچە ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى چىقتى، ئۇنىڭ باج قىممىتى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، باج سوممىسى 1 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋاڭ چۈنشىنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەنلا جياڭسۇلۇقلار ئاساس قىلىنغان بىر جىنايەت شايكىسى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇزۇندىن بېرى چېگىدۇدا تۇرۇۋاتقان بۇ بىر توپ ئەبلەخلەر مەخسۇس ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى سودىسى قىلاتتى، ئۇلار ساختا تالون ياساش، ئالداپ قولغا كىرگۈزۈش، ئوغرىلاش قاتارلىقلارنى باشلى-

نىش نۇقتىسى، ئېلىپ ـ سېتىش ۋە يالغاندىن كېسىپ بېرىشنى ئوتتۇردىكى ھالقا، باج ئىدارىلىرىگە بېرىپ تالون ئىلتىماس قىلىش، باج پۇلىنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشنى ئاخىرقى نۇقتا قىلغان سەييارە مەشغۇلات لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان ئۇنىۋېرسال جىنايەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شايكا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ناھايىتى تېزلا تارقىلىدىغان، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، جىنايەت سادىر قىلىش تېخنىكىسى يۇقىرى جىنايەتچىلەردىن ئىدى. بۇ دېلودا ئېلگىرى ئېلىممىزدە يۈز بەرگەن تالوندىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش دېلولىرىدىكى جىنايەت تېپلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەخسۇس دېلو گورۇپپىسىدىكىلەر جياڭ خۇيبىڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئادرېسىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن سىچۈەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى سۇن جيەنگو مۇنداق يوليورۇق چۈشۈردى: «دەرھال كۈچ تەشكىللەپ، پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن جياڭ خۇيبىڭنى قولغا چۈشۈرۈڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېلو ئەھۋالىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلىۋېتىڭلار.» جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت باج باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئېلىممىزدە ھازىرغا قەدەر يۈز بەرگەن قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش دېلولىرى ئىچىدە تالوننىڭ كېلىش مەنبەسى تېپىپ چىقىلغان دېلو تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان، سىلەر جياڭ خۇيبىڭنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈپ، ساختا تالون ياساش ئۇۋىلىرىنى تازىلىۋېتىڭلار.» بۇ مەزگىلدە، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ تاۋ بىلەن باشقارما باشلىقى گاۋفېڭ مەخسۇس چېڭدۇغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ دېلونى پاش قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايغا قەدەر، مەخسۇس دېلو گورۇپپىسىدىكىلەر دۆلەتنىڭ 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى قايتۇرۇۋالدى، 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رازۋېدچىكلار بېيجىڭ، شىئەن، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى تالون بېسىش زاۋۇتلىرىغا بېرىپ، ھېلىقى قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، نەتىجىدە، بۇ تالونلارنىڭ 628 نى ھېلىقى جىنايەت شايكىسىدىكىلەرنىڭ ساختا بېسىپ تارقاتقانلىقى ئېنىقلاندى.



رازۋېدچىكلار يەنە بۇ دېلونى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەكشۈرۈش داۋامىدا، يەن گواڭخۇ، خې يۇسەي، ۋاڭ چۈنشى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يالغاندىن 83 پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى (باج قىممىتى 7 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ) كەسكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ 2 مىليون 670 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر دېلونىڭ ئومۇمىي سوممىسى 103 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دېلو پۈتۈن مەملىكەتتىكى 16 ئۆلكە، شەھەرگە، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ 21 شەھەر، ۋىلايىتىگە چېتىشلىق بولۇپ چىقتى.

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋاڭ خۇيبىڭ ئاخىر تيەنجىندە قانۇن تورىغا چۈشۈپ، «21 ـ ئىيۇل» دېلوسىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى. سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە، باج سوممىسى 15 مىليون يۈەنگە يەتكەن بۇ قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى پەۋقۇلئاددە زور دېلوسىدا، جىنايەت گۇماندارىدىن 16 سى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ 13 ى تېپتىش مەھكىمىسىگە يوللاندى، ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىدىن 600 نەچچە پارچىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

«مەدەنىيەت گېزىتى» دىن قاھار ئوسمان
تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۈچ ئەرنىڭ كەينىدىكى ئېچىنىشلىق ئۈچ ئايال

«مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ كەينىدە ھامان بىر ئايال بولىدۇ» دېگەن سۆز تۇراقلىق ئىبارىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئائىلە يۈكىنى ئۈن - تىنسىز كۆتۈرۈپ ئېرىنى قوللىغان، ئەرلىرىنى ئۆي ئىشىدىن، بالا تەربىيىلەش غېمىدىن خالاس قىلىپ، ئەرلىرىنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئۆز ئىشىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئاياللارغا قارىتىلغان.

ھالبۇكى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەمىشە شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. تارىختا، داڭق چىقارغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى ئېرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى قوللاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئېرىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، ئائىلە - نىكاھتىكى مۇھەببەتنىڭ گۆركارلىرى بولغان، بۇنى ھاياتتىكى تراگېدىيە دېمەي مۇمكىن ئەمەس!

## تولستوي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

روسىيىنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى لېۋنىكولايېۋىچ تولستوي «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، ھەر خىل مىللەتلەردىن سان - ساناقسىز چوقۇنغۇچىلىرى بار. ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى ھەقىقەت، ھېكمەت دەپ قارىلىدۇ. تولستوينىڭ شان - شەرەپ ۋە ئىمتىياز، ئىجتىمائىي ئورنىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ۋە ئايالىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مال - مۈلكى بار ئىدى. قارىماققا، ھېچكىمنىڭ ئائىلىسى تولستوينىڭكىدەك مۇھەببەتكە تولغان ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بەخت - سائادەتكە تويۇنۇپ يۈرگەن يىللاردا ئىككىلىسى ئاللاھدىن بۇ بەخت - سائادەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تىلەپ دۇئا قىلىشاتتى.

يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چۈنكى، تولستوي باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن يازغان ئەسەرلىرىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇلارنى كىچىك - كىچىك بروشيورا قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ تىنچلىقنى تەرغىب قىلدى، نامراتلىقنى يوقىتىشنى چاقىرىق قىلدى، ئۆزىنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئاددىي - ساددا، پېقىرلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلدى، يەرنى ئۆزى تېرىدى، ئوتۇننى ئۆزى ياردى، ھەتتا كىيىدىغان ئايىغىنىمۇ ئۆزى تىكتى.

لېكىن، ئۇنىڭ ئايالى بۇرۇنقىدەكلا پۇلنى توپا سورۇغاندەك خەجلەۋەردى. ئېرىنىڭ نام - ئاتىقىدىن پايدىلىنىپ شۆھرەتپەرەسلىك، داغۋازلىق بىلەن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر دائىرىسىدىن چىقمىدى. ئېرىنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ۋە خەير - ساخاۋەتچىلىكىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى. تولستوي يازغان ئەسەرلەرگە قەلەم ھەققى ئېلىشتىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئايالى بۇ ئەسەرلەرنى پۇل تېپىشنىڭ مەنبەسى قىلىۋالدى.

تولستوي ئايالىنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى تۇردى ۋە قاتتىق گەپلەر بىلەن سۆكتى. ھەر قېتىم شۇنداق قىلغاندا ئايالى ۋارقىراپ - جارقىراپ، يەردە ئېغناپ يېتىۋالاتتى. بەزىدە ھەتتا ئەپيۇننى قولىغا ئېلىپ يەپلا ئۆلۈۋالىمەن، دەپ تەھدىت سالاتتى ياكى قۇدۇق بېشىغا كېلىۋېلىپ، قۇدۇققا ئۆزىنى تاشلىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېشىغا توپا چاچاتتى.

بۇنداق كۈنلەر داۋاملاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى، بىر كۈنى تولستوي بۇنداق تۇرمۇشتىن جاق تويغانلىقىنى ئېيتىپ، خوتۇنىنى كۆرەرگە كۆزى قالمىغانلىقىنى جاكارلىدى، خوتۇنى يۈگۈرۈپ بېرىپ تولستوينىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ 50 يىل بۇرۇن ئۆزىنى ۋە مۇھەببەتنى مەدھىيىلەپ يازغان جۈملىلەرنى يەنە بىر قېتىم يادا ئوقۇپ بېقىشىنى يالۋۇردى. تولستوي ئەمدىلىكتە شان - شۆھرىتى ۋە ئىناۋىتىنى يوقاتقان ئۇ جۈملىلەرنى يادا ئوقىدى،

ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ يىغلاشتى.

ئەسلەش ھېچنېمىگە دال بولالمىدى، ئايال قىلىقىنى تاشلىمىدى. 1910 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كېچىسى 82 ياشلىق تولستوي ئايالىنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، 11 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ كىچىك بىر ۋوكزالدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تولستوي كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئايالىنىڭ ئۆز ئۆلۈمىگە كەلمەسلىكىنى تاپىلىدى، بىچارە بوۋاي ئۆلۈۋېتىپ تۇرۇپ ئايالىنى يېنىغا يولاتماسلىقنى ئۆتۈنۈۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئايالى ئاشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قانداق ھېسسىياتقا كەلگەن بولغىيتتى؟

### لىنكولن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى لىنكولن سۇيىقەست قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، لېكىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاتىل ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقارغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالغىنى قاتىلنىڭ ئوقى ئەمەس، بەلكى بەختسىز نىكاھ دېگەن.

لىنكولننىڭ ئايالى بىر ئۆمۈر لىنكولننى ئەيىبلەپلا ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھوقۇق ئۆتۈنۈشىدىن نارازى بولغان. ئۇ ئايالنىڭ نەزىرىدە لىنكولننىڭ بىرەرمۇ توغرا يېرى يوق. ئۇ لىنكولننىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشىنى سەت، كۆرۈمسىز دەيتتى. مېڭىشى تۈز ئەمەس، ئىندىئانلارنىڭكىدەك ئېگىز ـ پەس دەپ ئەيىبلەيتتى. ھەتتا ئېرىنىڭ بۇرنى مايماق، كالپۇكلىرى شىمپەنزىنىڭكىدەك ...دەپ مەسخىرە قىلاتتى، بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى قوپال، يېقىمسىز بولۇپ، دائىم ئېرىنى ئەيىبلەپ، چىرقىراپ كوتولدىغىلى تۇرسا، نېرىقى كوچىدا ئولتۇرغانلارغىمۇ ئاڭلىناتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىدىن قولۇم ـ قوشنىلىرى ئارام تاپالمايتتى. ئايال چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئىچىدىكى ئۆچلۈكىنى چىقىرىۋېلىپلا بولدى قىلماي، بەزى چاغلاردا مېھمانلارنىڭ يۈزىچە ئېرىنى سەتلەپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ بىرمۇنچە مېھمان بار سورۇندا لىنكولننىڭ يۈزىگە قىزىق قەھۋەنى چېچىۋەتكەن، بۇنداق ئىشلار بىر ـ ئىككى قېتىملا ئەمەس.

لىنكولن ئايالىغا نەسىھەت قىلغان، يول قويغان، لېكىن، بۇلار ئايالىنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. لىنكولن بۇ بەختسىزلىكتىن دائىم بىئارام بولۇپ، پۇشايمان قىلىپلا ياشىغان. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىرىسا، ئۆيگە قايتقۇسى كەلمەي ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ئۇ ئادەم كۆرمەيدىغان بىرەر خىلۋەت جاي تېپىپ ئۈخلىۋېلىشنى ئۆيىگە قايتىپ ئايالى بىلەن بىللە ئۆتۈشتىن ئەۋزەل كۆرگەن.

يىللار ئۆتكەنسېرى ئامېرىكىنىڭ بۇ پرېزىدېنتى جېنىغا تەككەن بولغان خوتۇنىدىن نېرىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر كۆرۈمسىز مېھمانخانىدا يېتىشقا رازى بولغانىكى، ئۆيگە قايتىپ ئايالىنىڭ تاپا ـ تەنە، كوت ـ كوت گەپلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان «ئائىلە» دېگەن ئۇقۇم لىنكولن ئۈچۈن ھەممە قىممىتىنى يوقاتقان. دۆلەتنىڭ «بىرىنچى خانىمى» ھېسابلانغان ئۇنىڭ ئايالى ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا بىر «گۆر» كولاپ، مۇھەببەتنى دەپنە قىلغان، بەختىنى كۆمۈپ تاشلىغان، ئەجەبا، بۇلار تورمۇش ھېسابلىنامدۇ؟

### ناپالېئون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

1840 ـ يىلى ناپالېئون III فرانسىيىدە خالىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئىسپانىيىلىك گرافنىڭ قىزى جوجىنىيە بىلەن توي قىلغان. ناپالېئوننىڭ ۋەزىرلىرى مەھكىمىسىدىكى مەسلىھەتچىلەر: بۇ ئايال گراف قىزى بولۇشقىلا لايىق، خانىشلىققا يارىمايدىكەن، دەپ قارىغان. ئەمما، ناپالېئون ئۆزىنى ۋە خوتۇنىنى ئاقلاپ: «ئۇنىڭدىكى نازاكەت، ئۇنىڭدىكى ياشلىق گۈزەللىكى، ئۇنىڭ جەلپكارلىقى ماڭا پۈتمەس، مۇقەددەس بەخت ئاتا قىلىدۇ...» دېگەن.

شۇنداق، ناپالېئون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىدا ساغلاملىق، ھوقۇق ـ كۈچ، مال ـ دۇنيا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، كىشىلەرنىڭ تەلپۈنۈش ـ ئالقىش ... لىرى ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېڭى توي قىلغان چاغلىرىدىكى بەخت ـ سائادىتىگە تەڭ كەلگۈدەك ھېچنېمە تېپىلمايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئەمما، بۇ شاد ـ خوراملىق قانچە ۋاقىت داۋاملىشالىدى؟

توي قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئايال ئۆزىنىڭ كۈندەشلىك، گۇمانخورلۇق مىجەزىنى

ئاشكارىلىدى. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ باشلىقى بولغان ئېرىنى ئۆزىگىلا تەئەللۇق دەپ قاراپ، ناپالېئوننى ھېچقانداق يەرگە بارغۇزماسلىققا تىرىشتى. ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ناپالېئوننى يالغۇز سىرتقا چىقارمايدىغان، ئىشلىسىمۇ يالغۇز قويمايدىغان بولۇۋالدى. بەزى چاغلاردا ئېرىنىڭ كۇتۇبخانىسىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ، كوتۇلداپ سۆزلەپ، ئورۇنسىز جېدەل چىقىرىدىغان قىلىقنى تاپتى. ناپالېئوننىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي، «ئىسىنىڭ گەپ - سۆز، خەت - چەكلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشۈم لازىم» دەپ تۇرۇۋالدى. بەزى چاغلاردا يىغىن بولۇۋاتقان مەيدانغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئېرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى.

چوڭ - چوڭ دۆلەت ئىشلىرى سورۇنلىرىدا ۋە زىياپەت مەيدانىدا ناپالېئوننىڭ باشقا ئاياللار بىلەن بىرگە تۇرغان ياكى سۆزلەشكىنىنى كۆرۈپ قالسا، دەرھال جېدەل چىقىرىپ، تىللاپ، يىغلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۆزىنىڭ «دۆلەت خانىشى» لىق سالاپىتىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ناپالېئون ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۈكۈت قىلدى، يول قويدى، خوتۇنىغا نەسىھەت قىلدى، لېكىن، ئۈنۈمى بولمىدى. بۇ بىچارە فرانسىيە خاقانى ھەيۋەتلىك، كەڭ - كۇشادە ئوردا - سارايلىرى ئىچىدىن ئۆزىنى قويغۇدەك جىمجىت، خىلۋەت بىر بۇلۇڭ تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ، باشتا يالقۇنجاپ كەتكەن مۇھەببەت ئوتى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ قالدى. ناپالېئون كېچىلىرى ئوغرىلىقچە ئوردا - سارايدىن چىقىپ، ئىچ - قارنىنى تۆكۈپ بەرسە «ھە» دەيدىغان ئايال ھەمراھ ئىزدەشكە چۈشتى. بۇنداق ھەمراھىنىمۇ تاپتى، ئۇلار تۈن پەردىسى ئاستىدا ساياھەت قىلىپ، كېچىنىڭ ھاۋاسىدىن بەھرىمەن بولۇشتى.

كاتتا ئوردا ئىچىدە خانىشلىق تەختىدە ئولتۇرغان گۈزەل ئايال ئېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئەڭ قورقىدىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى...» دېدى، لېكىن، ئۇ مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكۈچىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانمىدۇر؟

نىكاھ ئىشىدىمۇ بىلىم - ھېكمەت بار


يۇقىرىقى ئۈچ مەشھۇر شەخسنىڭ كۆڭۈللىك قارا خوتۇنلىرى پەيدا قىلغان مەغلۇبىيەتلىك نىكاھ ھەممە يەردە، ھەرقانداق ئائىلىدە سادىر بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنداق مەسىلە يەنە كېلىپ ئايال تەرىپىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ يۈز بېرىۋەرمەيدۇ.

نىكاھ ئەسلىدىن گۈزەل ۋە تارتىملىق ئىش. ئۇنىڭ مەڭگۈ گۈزەل، تارتىملىق بولۇشىنى ساقلاش ئۈچۈن، بۇ ئىشتىكى بىلىم - ھېكمەتتىنمۇ خەۋەردار بولۇپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىكى ئەڭ ئەقەللىي بىلىم شۇكى، نىكاھلانغان ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا «مۇھەببەت چاڭگىسى» ياسىغانلىقىنى ئۇنتۇماي، بۇ «چاڭگا» نى ئاسرىسا، قوغدىسا، مۇستەھكەملىسە، ئۇنىڭ چۈۋۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

دەۋر ئالغا چاپماقتا، ئىنسانىيەت ئىلگىرىلىمەكتە. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئېتىكا - ئەخلاق كۆز قاراشلىرىدىمۇ دەۋرگە ئەگىشىپ مېڭىش لازىم. مەيلى داڭلىق شەخسلەر ياكى ئاتاقلىق چولپانلار بولسۇن، مەيلى تۆھپىكارلار ياكى ئادەتتىكى پۇقرالار بولسۇن، بىر ئىللىق ئائىلىسى بولۇشنى ئويلىمايدىغان كىم بار؟ ئەر - خوتۇنلار گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش يۈكىنى تەڭ كۆتۈرۈشكە بەل باغلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھايات مۇساپىسىدە خۇشال - خۇرام، ئازادىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىدىغانلا بولسا، ئۆمرىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا نىكاھ ئىشىدىكى بىلىم - ھېكمەتنى سېزەلەيدۇ، ئۆگىنەلەيدۇ، ئىگىلىيەلەيدۇ!

*سەمەت دۇگايلى تەييارلىغان*

*مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم*
*تېلېفون: 61023 - 4828065*



59

# ئاۋمېن قانداق بولۇپ قىمار شەھىرى بولۇپ قالغان؟

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىگىچە، ئاۋمېن جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، ئىچكى - تاشقى سودا ئىشلىرى ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىگە ئايلانغان. ئەينى يىللىرى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ھۆكۈمىتى ئاۋمېندا تاموژنا قۇرۇپ تاموژنا بېجى ئالغان ھەم پورتۇگالىيە تەرەپنىڭ تاموژنا قۇرۇپ باج ئېلىشىغا يول قويۇپ، شۇ ئارقىلىق «مەنسەپدارلارنىڭ تەمىناتى» ۋە «ئاپپاراتلارنىڭ تەمىناتى» غا كاپالەتلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاۋمېن مۇھىم خەلقئارا سودا تۈگۈنىگە ئايلانغان.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە جۇڭگوغا زور كۈچ بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغىدى ھەم شياڭگاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شياڭگاڭنى «باج ئېلىنمايدىغان ئەركىن پورت» دەپ جاكارلىدى. تەڭسىز «نەنجىڭ شەرتنامىسى» دە يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى فۇجۇ، شيامېن، شاڭخەي، نىڭبولاردا بىر قانچە سودا ئېغىزى قۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى، شۇندىن باشلاپ ئاۋمېننىڭ تاشقى سودىدىكى ئورنى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەسلى ئاۋمېندا سودا قىلىۋاتقان بەزى چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاۋمېندىن ئايرىلىپ شياڭگاڭغا كەتتى. ئاۋمېن شەھىرىدە سودا كاساتلىشىپ، پورتۇگالىيە تەرەپنىڭ ئاپپاراتلىرىمۇ مائاش بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. «بالا كەلسە قوش كېپتۇ» دېگەندەك، 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى ئاۋمېندا يەنە ئارقا - ئارقىدىن بوران، سۇ، ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇ تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ئۆلۈك هالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپى تېخىمۇ زورايدى، زور تۈركۈمدىكى ئىشسىز ھۈنەرۋەنلەر، ۋەيران بولغان سودىگەرلەر ۋە جېنىنى باقالماي قالغان دېھقانلار تۇشمۇ تۇشتىن يۇرتىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا تىرىكچىلىك قىلغىلى چىقىپ كەتتى. ئاۋمېن چەت ئەل بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى ئەڭ يېقىن ئېغىز بولغانلىقتىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بۇ يەرگە چىقىش يولى ئىزدەپ كېلىدىغانلار كۆپلەپ يىغىلىپ قالاتتى. يەرلىك كۆكىمە - لۈكچەكلەر ۋە مۇشتۇمزورلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «جاپاكەشلەر سودىسى» نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەلگە ئادەم ئېلىپ چىقىپ سېتىپ زور پايدا ئالدى ھەمدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان بەزى كىشىلەرنى قىمارغا قىزىقتۇرۇپ پۇل تاپتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىغا كەلگەندە ئاۋمېن قىمار ئوينايدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئاۋمېندىكى قىمارخانىلارنىڭ سانى 2000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

ئاۋمېندىكى پورتۇگالىيە دائىرىلىرى قىمار كەسپىنىڭ روناق تاپقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى راۋاجلاندۇردى، 1860 - يىلىدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قىمارخانىلاردىن چوتار ئالسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئاشكارا سودىگەر چاقىرىپ قىمارخانا قۇرۇشقا ئېتىبار بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋمېندىكى قىمار كەسپى بىر مەھەل ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ ئاشكارا تەرەققىي قىلىش ھالىتىگە ئۆتتى. 1870 - يىلىدىن كېيىن، ئەسلىدە ئەتىگىنىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاۋمېن پورتۇگالىيە دائىرىلىرىنىڭ قىماردىن چوتار ئېلىش، سودىگەر چاقىرىپ قىمارخانا قۇرۇش ئارقىلىق تاپقان كىرىمى 280 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز چىقىمىنى كۆتۈرگەندىن سىرت، يەنە پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتىگە 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا تاپشۇرىدىغان بولدى. بۇ پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ تارىختا ئويناشقاندەكلا پۇرسەتنى بىر قېتىم تۇتۇشى ھەم تارىختا قالدۇرغان ئار - نومۇسلۇق بىر خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

1872 ـ يىلىدىن كېيىن، شىياڭگاڭ، ئەنگلىيە دائىرىلىرى شىياڭگاڭدا قىمار ئويناشنى قاتتىق چەكلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋمېن پورتۇگالىيە دائىرىلىرى ھەدەپ قىمارنى ئەۋج ئالدۇردى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن شىياڭگاڭلىقلار قىمار ئويناش ئۈچۈن ئاۋمېنغا كېلىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئاۋمېننىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولغان «قىمارۋازلىق» ئىنتايىن تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇاڭدۇڭدىكى بەزى قىمارۋاز سودىگەرلەر ئاۋمېنغا ئۈزلۈكسىز مەبلەغ سېلىپ ۋە بەزى يېڭى ـ يېڭى قىمار شەكىللىرىنى ئېلىپ كىرىپ، ئاۋمېننىڭ قىمار كەسپىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇۋەتتى. قىماردىن چوتار ئېلىشنىڭ تەمىنى تېتىغان ئاۋمېن پورتۇگالىيە دائىرىلىرىنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ، بۇ كەسىپكە تېخىمۇ قىزىقتى ۋە ئۈزلۈكسىز قوغداش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قىمار كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاۋمېندىكى قىمار شەھىرى كىچىكلىكتىن زورىيىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تەدرىجىي ھالدا زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئاۋمېننىڭ قىمار كەسپى مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ رىقابەتلىشىشى نەتىجىسىدە كۆلىمى جەھەتتىن تېخىمۇ زورايدى، ئۈسكۈنە ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىن تېخىمۇ زامانىۋىلاشتى. قىماردىن كەلگەن باج ئاۋمېننىڭ ئومۇمىي باج كىرىمىنىڭ 50 ـ 60% ىنى تەشكىل قىلىپ، قىمار كەسپى ئاۋمېننىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

1961 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى ئاۋمېن پورتۇگالىيە دائىرىلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئاۋمېندا قىمار كەسپىنى بىر خىل «ئالاھىدە كۆڭۈل ئېچىش كەسپى» قىلىشنى تەستىقلىدى. شۇندىن باشلاپ بۇ قىمار شەھىرى تېخىمۇ قانۇنىي تۈس ئالدى.

(«قانۇن ـ تۈزۈم ھەپتىلىكى» گېزىتىنىڭ 1999 ـ يىل 29 ـ ماي سانىدىن)

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ

*جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا قاتناشقاندىن كېيىن، قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغا قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟ دۇنيا سودا تەشكىلاتى كېلىشىمىدە «دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ھەر بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قانۇن، نىزام ۋە مەمۇرىي تەرتىپلىرىنى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن.*

*دۇنيا سودا تەشكىلاتى كېلىشىمىدىكى بۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەردە ئەزا بولغۇچى دۆلەتلەر دۇنيا سودا تەشكىلاتى بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەگەر ئەزا بولغۇچى دۆلەتلەر چىقارغان قانۇن، نىزاملار دۇنيا سودا تەشكىلاتى بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتكە زىت بولۇپ قالسا، ئەزا دۆلەتلەر شۇ قانۇنغا دەرھال تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئەگەر دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقان چاغدا قانۇنغا دەرھال تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەس بولسا، شۇ دۆلەت مەلۇم سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش توغرۇلۇق ۋەدە بېرىشى كېرەك. ھالبۇكى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن، شۇ دۆلەت چىقارغان قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن بىردەك بولمىسا، دۇنيا سودا تەشكىلاتى تالاش ـ تارتىشنى بېجىرىشكە مۇراجىئەت قىلىدۇ.*

*دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىك نۇرغۇن قائىدىلەرگە ھەمدە ۋەدە قىلغان مەجبۇرىيەتلەرگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالاقىدار قانۇن، نىزام، جۈملىدىن يەرلىك نىزاملارغا يېڭىۋاشتىن تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ.*

**«قانۇنچىلىق پايدىلىنىش خەۋىرى» دىن**

**قاۋۇل توختى تەرجىمىسى**

*مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم*
*تېلېفون: 61203 ـ 4828065*

# دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا مۇھىمى «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» كېرەك

شياڭ رېندا

پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» دۆلەت باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 1999 ـ يىل ئېچىلغان 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى مۇھىم مىزان بولۇپ قالدى.

بەزىلەر دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن «پۇقرانى باشقۇرۇش» كېرەكمۇ ياكى «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» كېرەكمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئەلۋەتتە «پۇقرا» نىمۇ «ئەمەلدار» نىمۇ باشقۇرۇش، بولۇپمۇ، ئالدى بىلەن «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» كېرەك.

رېئال تۇرمۇشتا بەزىلەر بۇنداق قارىمايدۇ، ئۇلار يەنىلا قانۇننى پۇقرالارنى باشقۇرىدىغان قورال قىلىۋېلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئەمەلدار بولغانلار قانۇن ئارقىلىق پۇقرالارنى باشقۇرۇش دېگەنلىك، دەپ قاراپ، ئەمەل، ھوقۇقلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ، ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنداق قاراش ئىنتايىن خاتا ۋە زىيانلىق، ئۇ «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» دېگەن ئاساسىي قانۇن روھىغا خىلاپ، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، «خوجايىن» بىلەن «چاكار» نىڭ ئورنىنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مەقسىتىگە خىلاپ بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا، قانۇن بويىچە «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» قا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، يەنى دۆلەتنى باشقۇرغۇچى ئالدى بىلەن قانۇننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك، بۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. رېئال تۇرمۇشتا، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكتەك ھادىسىلەر زور دەرىجىدە ساقلانماقتا، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويماي، سۆزىنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىش، ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننى بېسىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش ۋە ئەدلىيە دەۋا ئىشلىرىدا ساقلانغان قانۇن بويىچە دېلو بېجىرمەسلىك، قانۇننى بۇزۇپ كېسىم قىلىشتەك قىلمىشلار دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئەڭ مۇھىم، ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىدىن، قەتئىي قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزمىگەنلىكىدىن، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل بېجىرمىگەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتا، «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش» تەك ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئىشنى قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» تىن باشلاش كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، «ئەمەلدارنى باشقۇرۇش» كېرەك. بۇمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ تۈپ ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىچكى تەلىپى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ماھىيەتتە خەلقنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى ياكى قانۇن بويىچە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشىنى شەرت قىلىدۇ.

قانۇن بويىچە ئەمەلدارنى باشقۇرغاندا، ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە

(داۋامى 51 ـ بەتتە)

# ئىككى شېئىر

## بىرلىك

پ. م. بىلتىز

بىرلىك ئۇلۇغ، بىرلىك مۇقەددەس،
بىرلىك قۇۋۋەت، بىرلىك كامالەت.
بىرلىك بىلەن مۈشكۈللەر ئاسان،
بىرلىك زەپەر، قۇت ۋە سائادەت!

بوي سوزماستى كۆككە بىنالار،
گەر بولمىسا خىشنىڭ بىرلىكى.
بىرلىك بىلەن، ئىناقلىق بىلەن،
ئاشار ئىشقا ئىنسان تىلىكى.

يىپلار ئىشىپ گۈماندىن ھەردەم،
دىللار ئارا چەگمەيلى تۈگۈن.
تۇۋلايلى شاد بار ئاۋاز بىلەن،
«ياشا بىرلىك مەڭگۈ!» دەپ بۈگۈن.

دىللار ئارا ئورناپ چىڭ ئىشەنچ،
كۆڭۈللەردىن يوقالسۇن گۈمان.
بىرلىشەيلى ئۆيۈلتاش كەبى،
گۈزەل ئەتە ـــ كېلىچەك ئۈچۈن!

## ھەپىرەڭ ھەققىدە خىيال

ئەي ھەپىرەڭ، خۇيۇڭ ئۇسال
ئېچىلىسەن گۈگۈم بىلەن.
ياشاپ كەلدىڭ ئەلمىساقتىن،
سەن ئاشۇنداق ئۆدۈم بىلەن.

نۇر ئەمسەڭمۇ قۇياشتىن گەر،
ئېچىلمايسەن ئاڭا بېقىپ.
خۇشتاركەنسەن قارا تۈنگە،
شۇڭا كەپسەن نۇردىن قېچىپ.

كۆڭلۈڭ يايراپ ئېچىلغاچقا،
مىسكىن گۈگۈم چاغلىرىدىن.
يۇلۇپ تاشلار نۇرخۇمارلار،
سېنى ھويلا ـ باغلىرىدىن.

ئەلنىڭ بەزگەن تۈزكورلارنى،
ھەپىرەڭگە مىسال دەيمەن.
تۈرسىمۇ گەر جۇلا قىلىپ،
تاپماس ھەرگىز كامال دەيمەن.

# دېھقان قەسەمى

ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى

مەڭگۈ مېھنەت ـ تاماسىز ياشالامسەن دېھقاندەك،
جاپا ـ مېھنەت تېغىدىن ئاشالامسەن دېھقاندەك،
كۆكرىكىڭنى تۇپراققا باسالامسەن دېھقاندەك،
قان ـ تەرىڭدىن بەختىڭنى تاپالامسەن دېھقاندەك،
ئىقبال ئۈچۈن بولۇپ زىر ئاقالامسەن دېھقاندەك.

دېھقان دېگەن بۇ مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەقدىرداش،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرار ئۇ شۇڭا جۇتتا تۆكمەي ياش،
ياشاپ ئۆتەر دۇنيادىن قىسمەتلەرگە ئەگمەي باش،
تېپىلمايدۇ دېھقاندەك تۇپراق بىلەن چىن سىرداش،
ھاياتلىققا تۆھپەڭنى قاتالامسەن دېھقاندەك.

يوق دېھقاننىڭ قەلبىدە مىننەت، تاما، خۇشامەت،
ئىزدەپ ئۆتەر مۇشەققەت قوينىدىنلا قۇت ـ راھەت،
ۋىسال تاپار ئاينىسا ئۇ تېرىغان زىرائەت،
كەچمەس ئەسلا كۆڭلىدىن شۇڭا غەيرىي ئوي، ئامەت،
كۆلۈپ تۇرۇپ بېغىڭنى ئاچالامسەن دېھقاندەك.

دېھقان ئۆمرى ھوسۇللۇق تۇپراققىلا ئوخشايدۇ،
ھوسۇل بېرىپ تېنىنى قىر ئۈستىدە توختايدۇ،
دېھقانسىز ھەم بىزگە چىن كۆلكە نېسىپ بولمايدۇ،
شۇڭا ئۇنى تۇنە ئاي، كۈندۈز قۇياش يوقلايدۇ،
قۇياش يەڭلىغ ئۆنسىز نۇر چاچالامسەن دېھقاندەك.

بەنمۇ بىر رەت زېمىنغا دېھقان سۈپەت نەزەر سال،
نېمە بەردىڭ تۇپراققا ئۇبدان ئويلان بىمالال،
ھاياتلىقنىڭ مەنبەئى دېھقان ئۈچۈن بول باھار،
بولساڭ شائىر، يازغۇچى قولغا تاڭدا قەلەم ئال،
ئىنسان ئۈچۈن بۈيۈك كۆي يازالامسەن دېھقاندەك.

# بولمىسا

راشىدىن ئەرشىدىن

دەريا تەتۈر ئاقىدۇ باشلىق قابىل بولمىسا،
ناھەقچىلىك كۆپىيەر تەدبىر ئاقىل بولمىسا

قىلار دىلنى مەھلىيا ساختىلىق ۋە رەڭۋازلىق،
«مەن» دىن جۇدا بولۇشتا ئىرچىل دادىل بولمىسا.

ھايات باغى قانداقچە پۈركىلىدۇ گۈللەرگە؟
چۈنتەكتىكى ساناقسىز نەپتىن خېجىل بولمىسا.

كۆزنى يۇمار ھەقىقەت تۆۋەن قاتلام پۇقراغا،
چۆمۈلىدۇ ھەسرەتكە قەلبى ئېسىل بولمىسا.

يامراپ ھەر يان رەزىللىك روھنى قاپلار ۋەھىمە،
سۈسلىنىشىدۇ ئېتىقاد ئادەم پاك دىل بولمىسا .

ۋىجدان، غۇرۇر قەلبىدە يالقۇنجايدۇ ـ چاقنايدۇ.
يىراقلايدۇ خەلقىدىن ئەلگە ئىجىل بولمىسا.

ئۇسسۇل ئوينار پىنھاندا شاياتۇنلار داپ چالسا،
ئىت تالايدۇ روھىنى باشتا ئەقىل بولمىسا .

ئالدىراشقا نە ھاجەت ئۆتنە ئالەم بۇ، بىلسەڭ،
تىل چىقىدۇ گاچىغا ئىشلار ئادىل بولمىسا.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 3-يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر




يىغىن مەيدانى

ئەسىر ئالمىشىدىغان ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تېمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا مەركەزلەشتى. ئۇلار غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە زور تارىخىي بۆسۈش ۋە زور تەرەققىيات بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

بېي فېڭ فوتوسى



قەشقەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى.



خوتەن ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر خوتەننىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى.



سانجى ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى دىنىي ساھە ۋەكىللىرى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى.



ئالتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئوتلاقنى قالايمىقان ئېچىشنى توختىتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى.



ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر يىغىن ئارىلىقىدا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا قىزغىن مۇزاكىرىلەشتى.



قاردىن قۇتۇلۇش

تۇسۇپبەك فوتوسى

بەت لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ شىنپىڭ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/D·W باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005432